
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى
# 新疆文化

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

4
2002

ISSN 1008-6498
07>
9 771008 649003



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۆھرەتلىك ئۇستاز، ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس،
مەرھۇم شەرىپىددىن ئۆمەر ئەپەندى (2002.6.25 ـ 1932)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(51-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2002-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 256-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

شۇئارىمىز: ● خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي ماگارىپى مەسىلىسى ··· م. ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

مۇنبەرگە تامغان كۆز ياش... (ھېكايە) ················ چوپانى 11

شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا خەت ················ ئەزىز سەيپۇللا 17

لۇشۈن ۋە ئايتماتوۋ ······················ مامبەت تۇردى 18

ئەدەبىياتنىڭ نۇرى ۋە سايىسى ················ ئابدۇرېھىم ئابلەت 22

### روھ چۇقانلىرى

خوراز ھەققىدە رىۋايەتلەر... (تەقرىز) ······ نۇرمۇھەممەت توختى 27

ئەخلاقنىڭ تەقدىرى ······················ ئادىل ئابدۇقادىر 33

### تەپەككۇر كۆزى

كۆزنىڭ ئىچىدىكى كۆز ۋە سۆزنىڭ ئىچىدىكى سۆز ··· ئا. بەرقىي 39

### ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى ·············· مۇھەممەت زۇنۇن 51

### تارىختىن سۆز

نەۋائىي ياشىغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى ··· ئا. نۇردۇن 56

### ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك

ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ جان بار ·········· ئۆمەرجان ھەسەن 60

### بالىلار كۆڭلى

قىنى، ئەتە كۆرەرمىز ···················· خالۋەرجان سېيىتنىياز 62

### ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش

ھېكايەت: ئاق قاغا... (ساتىرا) ······ ت. باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 64

### ھايات ھەقىقەتلىرى

تەخرى بىلەن توشقان... (ساتىرا) ········· ش. سەمەت تەرجىمىسى 65

### جەمئىيەت ئارخىپى

جاھاندا بار گەپلەر ············· ئا. دۆلەت قاتارلىقلار تەرجىمىسى 66


ئوقۇغۇچىلاردا پارىخورلۇق ················ جۇرئەت دۆلەت 71

ئىلىمگە خىيانەت-ئەلگە قىيامەت... (تەقرىز) ··········· ئا. دۆلەت 75

### ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز

ئاخىرەتلىكىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ··· ت. باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 79

مۇقاۋىدا: قەشقەردىن چىققان سىخچى ـ مەردانە ئوغلان، ئىلگىرى-كېيىن 500مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ «قەشقەر پۇتبول سىنىپى»نى ئاچقان ئەل سۆيەر تىجارەتچى غېنىھاجى ئىمىن ئوغلى. ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن: تالانتلىق كومپوزىتور، «چىمبۇلاق»، «ئامرىقىم»، «بۇلبۇلۇم» قاتارلىق ئۆلمەس ناخشا-سازلارنىڭ ئىجادچىسى، ئاتاقلىق مۇقامچى ـ سازەندە، ئەل سۆيگەن ناخشىلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراچىسى قۇربان ئۆمەر ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ نامىدىن مۇبارەكلەيمىز. ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى مەسىلىلىرى

مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

مائارىپ ھەققىدە سۆز ئېچىپ، بىز ئۆزىمىزگە ھۆددىسىدىن چىقىش تولىمۇ تەس بولغان بىر ماۋزۇنى تاللىۋالدۇق؛ چۈنكى ئادەمنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى مەقسەتلىك ھالدا ئاشۇرۇدىغان، بۇئارقىلىق ئىدىيە ۋە ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ تەشكىللىك ياكى تەشكىلسىز بولۇشىدىن، سىستېمىلىق ياكى سىستېمىسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى مائارىپ بولۇۋېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا كىتاب-ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە، كىنو - تىياتىر، ئويۇن-سىن بۇيۇملىرىدىن تارتىپ ، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئائىلىدىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارىتا تەقدىر ۋە تەنبىھ، زوقلىنىش ۋە پەپىلەشلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارىدىغان ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار ئادەملەرنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئىدىيە-ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتلەردە ئازدۇر-كۆپتۇر (بەزىدە ھەتتا ھەل قىلغۇچ) رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار مائارىپ ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر مائارىپنى مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ بىرىكمىسى دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنداق كەڭ مەنىدىكى مائارىپ پائالىيەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قانائەتلىنەرلىك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش نۇرغۇن كۈچ ۋە ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بولار ئىدى. ھۆددىسىدىن چىقىش مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇپ بىز ماقالىمىزدا پەقەت ياش ئەۋلادلارغا بولغان تەربىيە پائالىيەتلىرى پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپ مائارىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزدىنىش ئېلىپ بارىمىز.

## 1.مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر «مىللىي مائارىپ» دېگەن سۆزنى مىللىي مەكتەپلەردىكى (ياكى مىللىي سىنىپلاردىكى) ئوقۇتۇش ئىشلىرى، يەنى مىللىي بالىلارغا ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈش پائالىيىتى دەپ چۈشىنىۋاتىدۇ. شۇنداق چۈشىنىلسە، بۇيەردە ئىككى خىل خاتالىققا يول قويۇلغان بولىدۇ: بىرىنچىدىن، مائارىپ ئۇ نوقۇل ئوقۇتۇش پائالىيىتى ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر مائارىپ پەقەتلا ئىلىم-پەن ئۆگىتىش پائالىيىتى بولىدىغان بولسا، بۇيەرگە مىللىي سۆزىنى قوشۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ھەقىقەتەنمۇ بىلىم ئۆگىتىش مەكتەپلەردىكى ئاساسىي پائالىيەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، كۈنىگە ئالتە-يەتتە سائەتلەپ ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەرسىز مەكتەپلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئىلىم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش قانۇنلىرى بويىچە توغرا دەپ قارالغان خۇلاسىلاردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مىللىيلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بىز، جۇڭگو ئەدەبىياتى، ھىند

تارىخى دېگەندەك مىللەت نامى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان پەنلەرنى بىلسەكمۇ، بۇنى ئومۇمىي ئىنسانىيەت ئىجتىراپ قىلىدىغان ئىلىمنىڭ جۇڭگو ياكى ھىندىلارغا ئائىت شۇ تارمىقى دەپ بىلىمىزكى، ھەرگىزمۇ شۇ پەننىڭ مىللىيلىكى دەپ چۈشەنمەيمىز. پەنلەرنى رۇس ئېلېمېنتلار دەۋرىيلىك قانۇنى، ئەنگلىيە دىنامىكىسى دەپ ئايرىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، پەقەت ئوقۇتۇش پائالىيىتى دەپ قارىلىدىغان مائارىپنىڭمۇ مىللىيلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى بىرخىل مەنىسىزلىك بولغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، بىز مەكتەپلەرنى مەخسۇس ئىلىم ئۆگىتىدىغان مائارىپ مۇئەسسەسى دەپ قارىمايمىز. مائارىپتىكى ئېغىش ۋە ئېزىقىشلار بىزنى مەكتەپ پائالىيىتى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىرنەرسە دەپ چۈشىنىشكە ئۆگىتىپ قويغان. بۇنداق ئېزىقىشلار دائىم دېگىدەك ئازدۇر-كۆپتۇر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، مائارىپ كەڭ مەنىدىكى تەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، ئىلىم ياكى ئالىملىق ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس. بىلىم بېرىش تەربىيە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ۋاسىتىلەرنىڭ پەقەت بىرى . يەنە بىر جەھەتتىن ئوقۇتۇش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە باشقا تەربىيىۋى ۋاسىتىلەرگە باغلىق بولىدۇ. ئوقۇتۇش تەربىيىۋى تەسىرگە، تەربىيە بىلىم بېرىش تەسىرگە ئىگە. مائارىپ تەربىيە ئوبيېكتلىرى بولغان ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىگە ئاساسەن «پىششىقلاپ ئىشلەپ» ئۇلارنى جەمئىيەت ئۈچۈن (شۇنداقلا ئۆزلىرى ئۈچۈن) تەييارلايدۇ. ئالىملىق خۇددى نەققاشلىق ياكى ئۈچقۇچىلىققا ئوخشاشلا ، تۇغما سېزىم ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئايرىم كىشىلەر تاللىۋالسا بولىدىغان بىرخىل «كەسىپ».

بىز يەنە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىي ئامىللاردىن ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ ئىلىم-پەننىڭ ئۆز ئالدىغا ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتالايدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارايمىز. ئىلىم-پەن ھازىرقى كۈندە ئىنساننىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈپ، كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرشارىدىكى قىرغىنچىلىق، بالايىئاپەتلەرنى تۈگىتەلىگىنى يوق. ئىلىم-پەن گەرچە ئىنسان ئايىغىنى ئايغا دەسسىتەلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىدىكى خاتىرجەمسىزلىك ، غەم-ئەندىشە، بىئاراملىق كەيپىياتلىرىنى تۈگىتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى؛ ئەكسىچە، ئىنسانلار ئارىسىدا سۈنئىي بالايىئاپەت ۋە دەرد-ئەلەملەر بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا. بۇنىڭدىن بىز مائارىپنىڭ ئىلىم ئۆگىتىشكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولغان بىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز. مۇئەللىپ ئىنسانلار روھىيىتىدىكى چىگىشلىكلەرنى تەربىيە قانۇنلىرى ھەققىدىكى پەن - پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى يەڭگىللىتىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئۇنداقتا مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى نېمە بولۇشى كېرەك؟ ئۇ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ كىم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ھەرخىل بولۇپلا قالماي، بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەرقايسى خەلقلەردە (ھەتتا بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىدا) بىردەك بولغان ئەمەس . دۇنيا مائارىپ تارىخىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇنداق ھەرخىللىقنىڭ ئاساسىدا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مەلۇم دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ، ئادەم قانداق بولۇشى كېرەك، دېگەن ئادەم توغرىلىق ئىدىيىسىنىڭ ياتقانلىقىنى روشەن كۆرۈپ يېتىمىز.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا ماھىر، قورال ياساشنى بىلىدىغان، ئۆزئارا ياخشى ياردەملىشەلەيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان بولسا، كېيىنرەك بىر دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىشنى بىلىدىغان كۈچتۈڭگۈرلەردىن بولۇپ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە كىشىلەر مائارىپتىن، دىنىي جەھەتتىن بىلىملىك، جەمئىيەت ئىشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان ، قائىدە-يوسۇنلۇق، ھالال ئىخلاسمەنلەر، مىرزا - مۇنەججىملەرنىڭ، شۇنداقلا، جەڭ قىلىشقا ماھىر، جاسارەتلىك باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇشتى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مائارىپتىن يەنىلا بۇرۇنقى كىشىلەر ئۈمىد قىلغان نەرسىلەرنى كۈتۈشى مۇمكىنلىكى ئەقىلغە سىغمايدۇ. ئەمدىلىكتە تەربىيە كۆرگەن كىشى تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك، زېرەك، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرالايدىغان ، سودا قىلىشنى بىلىدىغان، سىياسىي پائالىيەتلەر ۋە پەن-تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

تەربىيە مەقسىتى ھەققىدىكى بۇنداق خىلمۇ خىللىق كىشىلەرنىڭ شۇ تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن، جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق ئەزاسىدىن ئىبارەت ئادەم ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئەگەر بىزگە بۇ كۆزقاراشلارنى بىرەر نام بىلەن ئاتاش توغرا كەلسە بىز ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ خەلقنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى، دەپ ئاتايمىز. مائارىپ ئىدىيىسى نېمە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەن مەسىلە ھەققىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» دېگەن ماقالىمىزدا (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق 5-، 6 (قوشما) سانىغا بېسىلغان. -مۇھەررىردىن) «مائارىپ ئىدىيىسى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى، جەمئىيەت تەرەققىيات تەلىپىگە ماس بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

يۇقىرىقىلاردىن بىز مائارىپنىڭ دەۋرچانلىقىغا

ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ماتارىپنىڭ نىشانى ئەلۋەتتە ماتارىپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقۇچىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماتارىپ مۇئەسسەسەلىرى جۈملىدىن مەكتەپلەر كىم تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان بولسا، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى ئۇنىڭ خاھىشلىرى بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇخاھىشلار خەلقنىڭ ماتارىپ ئىدىيىسى (جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى) بىلەن بىردەك بولۇپ چىقىشىمۇ، بىردەك بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ماتارىپ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقۇچىلارنىڭ مۇددىئالىرى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدىغان بىماسلىق تەربىيە ئىشلىرىنى تۈيۈق يوللارغا باشلاپ مېڭىشى، ھەتتا ناھايىتى زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ماتارىپلا بولىدىكەن ئۇنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى ناتايىن، گەپ ئۇنىڭ مۇددىئا ۋە مەزمۇنىدا. بۇنىڭ روشەن مىسالىنى بىز 1930-يىللاردىن كېيىن گېرمانىيىدە باش كۆتۈرگەن ناتسىستلار ماتارىپى، 1965-يىللاردىن كېيىن جۇڭگودا باشلانغان ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قالايمىقانچىلىقى مەزگىللىرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە نوپۇزغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىندىغان، دەرسلىك كىتابى يوق، ئوقۇتقۇچىلىرى بولمىغان، ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپلەر ماتارىپى ۋە يېقىنقى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئافغان تالىبان ماتارىپىدىن كۆردۇق.

تارىخىي پاكىتلار بىزگە يەنە، بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ماتارىپ ئىدىيىلىرىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ماتارىپىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، ھەرقايسىسىنىڭ ماتارىپ ئىدىيىسىدە شۇخەلقلەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە خاراكتېرىنىڭ روشەن ئىپادىلىرىنى تاپىمىز. قەدىمكى جۇڭگودا كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى جەمئىيەت ئېتىقادىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەرۋاھلارغا ئىشىنىش، ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش، ئەدەب-قائىدە، نەسەب-ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغ بىلىشتەك ئائىلە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ئەخلاققا قارىغاندا خېلى كۈچلۈك بولغانىدى. شۇڭا جۇڭگو ماتارىپىدا ئاساسەن كۇڭزىچىلارنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ئۇلۇغ تەلىمات»، «نەزمىنامە»، «نەسىرنامە» قاتارلىق «تۆت كىتاب»، «بەش نامە» لەر مۇھىم دەرسلىك مەزمۇنى قىلىنىپ، كىتابتا يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى بەرھەق، دەپ تەلىم بېرىلەتتى. ياۋروپادا دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ئەخلاق - مىزانلار ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، ئائىلىۋى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى ئەخلاقىي مىزانلارغا قارىغاندا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاچقا، جەمئىيەت ماتارىپىمۇ چېركاۋنىڭ ھىمايىسىدا يېرىم روھانىي يۈزلىنىشكە يول ئالغانىدى؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئالدى بىلەن خرىستىئان مۇرىتى بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى.

ياۋروپادا جۇڭگودىكىگە ئوخشاش بىر قىسىم تەبىئىي پەنلەر ئوقۇلغاندىن باشقا يەنە، جەڭ قىلىشقا ماھىر، جاسارەتلىك چەۋەندازلاردىن بولۇش قاتارلىق جۇڭگو ماتارىپىدا ئانچە روشەن كۆرۈنمەيدىغان تەربىيە مەزمۇنلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلەتتى.

بېرىش - كېلىش، ئۇچۇر - ئالاقىلارنىڭ راۋان بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەينى زاماندىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلەنگەچكە، ئۇلارنىڭ ماتارىپ ئىدىيىلىرىدىكى پەرقلەرمۇ روشەن بولغان، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز، ھازىرغا نەزەر سېلىپ، ئىلىم-پەن ۋە ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ھەرخىل مەدەنىيەت تىپلىرى كۆپ يۆنىلىشلەر بويىچە راۋان ئۆتۈشۈپ تۇرغان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئېتىقادىدىكى ئورتاق مەزمۇنلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان، «يەرشارىلىشىش» قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ماتارىپقا قويىدىغان تەلىپىنىڭ بىرخىل بولمايدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزەلەيمىز. تەربىيە جەريانىدا پەرزەنتلەردە يېتىلىپ چىقىشى كېرەك بولغان ئەخلاق -پەزىلەت، ئەقىدە - ئېتىقاد، مىجەز-خاراكتېر جەھەتلەردە ئەرەبلەر بىلەن فرانسۇزلار تەربىيىدىن پۈتۈنلەي ئوخشاش بىرخىل نەرسىنى تەلەپ قىلامدۇ؟! جۇڭگو مەكتەپلىرى ئۆز تەربىيىلەنگۈچىلىرىنى جۇڭگو مەدەنىيىتى، جۇڭگو تارىخىنى بىلمەيدىغان، دۇنيا قاراش، ئېستېتىك دىت، زوق-ھەۋەسلىرى جۇڭگو ئەنئەنىسىگە يات بولغان، خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىمۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، قىلىقلىرى گېرمانلار (ياكى ھىندىلار) غا ئوخشاپ قالىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئادەملا بولىدىكەن، ئۇ، ئالدى بىلەن چوقۇم ئىرق، مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئادەم تەربىيىلەش، ئۇ، مىللەت كىشىسىنى تەربىيىلەش بولۇپ، مۇقەررەر مىللىي تۈس ئالىدۇ. مىللەتكە مەنسۇپ بولمىغان «خەلقئارالىق ئادەم» ھازىرمۇ مەۋجۇد بولمىغاچقا (ئەگەر بار دېيىلسىمۇ ئۇلارنىڭ سانى تەبىئىي ھالدا ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ بېرىش سەۋىيىسىگە يەتكىچە بولغان ۋاقىتقىچە) ماتارىپ مىللىي تۈس ئالغان بولىدۇ.

مەكتەپلەردە ئۆگىنىلىدىغان ئىلىمنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولىدىغانلىقى مەسىلىسى ماتارىپنىڭ مىللىيلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان دەلىل بولالمايدۇ. ئەگەر ماتارىپتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئامىللار بار دېيىلسە، بىز ئۇلارنى ھەممە جايدا مەكتەپلەرنىڭ تەشكىللىنىش شەكلى، ئوقۇتۇش باسقۇچلىرىنىڭ ئايرىلىشى، ئوقۇش مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرى، ئوقۇتۇلىدىغان پەنلەر ۋە ئوقۇتۇش مېتودلىرى، مەكتەپ ئىنتىزامى قاتارلىقلارنىڭ ھەممە جايدا ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن .تاپىمىز. بۇئوخشاشلىقلار ئەلۋەتتە

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق قارىشىدىكى ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشاشلىقلار، ھەمدە تەربىيە پائالىيەتلىرى، تەربىيە ئۇسۇللىرىنى تاللاشتا بىزگە ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە بىلىش جەريانىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى پەنلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى؛ ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئىمكانىيەتلەردىكى ئورتاقلىقلار ۋە پسىخولوگىيە قانۇنلىرىنىڭ بىردەكلىكىدىن كېلىپ چىققان.

شۇنداق قىلىپ بىز مائارىپنىڭ دەۋر ۋە مىللەتتىن ھالقىغان پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاقلىق ئالاھىدىلىكى، مۇئەييەن زامانىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان دەۋرچانلىقى ۋە ھەرقايسى ئەللەرگە خاس بولغان مىللىيلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىكنى كۆردۇق. بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىك ئىچىدە دەۋرچانلىق بىلەن ئورتاقلىق مىللىيلىكتىن ئىبارەت زېمىندە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## 2. مائارىپنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى

ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئۇچرايدىغان «مىللىي مائارىپ» دېگەن سۆزنى، بىز ئاساسەن «ئۇيغۇر مائارىپى» مەنىسىدە چۈشەنسەك بولىدۇ، چۈنكى بىز شۇنداق دېيىشكە ئادەتلىنىپ قالدۇق. گەرچە «مىللىي» سۆزى، شۇ سۆزنى قوللانغان ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن مۇمكىن بولىدىغان ۋە بۇ سۆز ئارقىلىق كىشىلەر پەقەت ئۆز مىللىتىگىلا تەۋە بولغان خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، رايونىمىزدا بۇ سۆز تېخىمۇ كونكرېت مەنىگە، يەنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە خاس نەرسىلەر دېگەن مەنىگە ئىگە قىلىندى. بىز مىللىي يولداش، مىللىي كادىر، مىللىيچە كىيىم-كېچەك، مىللىي قول-سانائەت، مىللىي كارخانىچى دېيىشكە ئادەتلىنىپ، بۇسۆزلەرنى قانداق مەنىدە چۈشەنگەن بولساق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەرقايسى مەتبۇئات ۋە سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەن «مىللىي مائارىپ» دېگەن سۆزنىمۇ شۇنداق مەنىدە ئىستېمال قىلىپ كەلدۇق.

1960-يىللاردىن كېيىن رايونىمىزدىكى مىللىي مائارىپ ئىشلىرى پۈتۈنلەي مەركەزنىڭ مائارىپ فاڭجېنى - يۆنىلىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مەكتەپلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ، ئوقۇش مۇددىتى، ئوقۇتۇش باسقۇچلىرى، ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە ئورتاق بولغان ئىزغا چۈشتى. ئەسلىدىكى مىللىي مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرامەكتەپ ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىل بولغان ئون يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە يىل، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچ يىلدىن بولغان 12 يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلدى. كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ئۆزۈندىن بېرى ئورنىشىپ ئادەتلىنىپ قالغان 10-سىنىپنى ئوقۇپ بولغانلىق تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەنلىكنى، 7-سىنىپ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ، 4-سىنىپ باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى يىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغان بۇخىل ئوقۇش يىللىرىنى بىر تۇتاش ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تاشلاپ، ئوقۇش يىللىرىنى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا دەپ ئايرىم-ئايرىم ئۈچ باسقۇچ بويىچە ھېسابلاشقا كۆنۈكۈش خېلى ئۇزۇن بىر جەريانىنى تەشكىل قىلدى. دەرسلەر ۋە دەرسلىك كىتابلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات ۋە خەنزۇ تىلىدىن باشقىلىرى خەنزۇ مەكتەپلەردىكى بىلەن ئوخشاش قىلىندى. مەملىكەت مىقياسىدا خەنزۇ مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىر ئىسلاھات مىللىي مەكتەپلەردە ماس قەدەمدە ياندىشىپ ياكى سەل كېيىن سوڭدىشىپ ئېلىپ بېرىلدى. مىللىي مەكتەپلەردە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىرمەزگىل ئۆزئالدىغا ھەرخىل ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن بېرىلىپ شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولمىدى.

ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئەكەلگەن مائارىپتىكى ۋەيرانچىلىقلارنى ئوڭشاش ۋە ئىختىساسلىقلار قاتلىمىدا كۆرۈلگەن ئۈزۈكچىلىكلەرنى تېزدىن تولۇقلاش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن مەملىكەت بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تېز، بالدۇر يېتىشتۈرۈش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، مىللىي مەكتەپلەرمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا بالىلارنى ئالتە ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىدىغان، تولۇق ئوتتۇرىنى پەقەت ئىككى يىل ئوقۇپلا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان يېڭى تۈزۈمگە كۆچتى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە بىرقىسىم مىللىي زىيالىيلار مىللىي يېزىقتا ساۋات چىقىرىشنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا ساۋات چىقىرىشقا قارىغاندا كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلمايدىغانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى بۇرۇنقىدەك تۆت يىل قىلىپ، «تېز» ، «بالدۇر» يېتىشتۈرۈشكەماسلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلگەئاشمىدى. 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە 12 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلدى.

بۇمەزگىللەردە دەرسلىك كىتابلاردىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى. 1980-يىللاردا دەرسلىك كىتابلارنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ بىرقىسىم ئالىي مەكتەپ دەرس مەزمۇنلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈلگەن بولسا، 1990-يىللاردا دەرسلىك مەزمۇنلىرى بىرقەدەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

1990-يىللارغا كەلگەندە زىيالىيلار قوشۇنى مەملىكەت بويىچە بەلگىلىك كۆلەمنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ جىسمانىي، پسىخىك ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساپاسى يەنىلا تۆۋەن ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مائارىپتا ساقلىنىۋاتقان ئەسلىدىكى بىلىم ئوقۇتۇشىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بىلىم مەركەز خاھىشىنى يېڭىش مەزمۇن قىلىنغان مائارىپ ئىسلاھاتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قېتىم تەشەببۇس قىلىنغىنى «ساپا

www.uyghurkitap.com

مائارىپى» دەپ ئاتىلىپ، بۇنىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا ئەسلىدە يولغا قويۇلغىنى «ئىمتىھان مائارىپى» دەپ ئاتالدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ھەرخىل ئىسلاھات، ئۆزگىرىشلەر مىللىي مەكتەپلەرگە يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە مۇددىئا، مەقسەت-نىشانى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانغان ئوقۇتقۇچى ياكى مائارىپ مەمۇرلىرىنىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمەيمىز؛ بىز ھەممە ئىشتا يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمە، يوليورۇقلىرى بويىچىلا ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەندۇق. لېكىن ھازىرقى كۈندە مائارىپ ئىسلاھاتى مەزمۇنى ھەققىدە ئويلىنىدىغانلارنى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. نۆۋەتتە بىز شۇنداق دەپ قارىشىمىز لازىمكى، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش يۈرگۈزۈلىۋاتقان مائارىپ تۈزۈمى شارائىتىدا، مائارىپ ئىسلاھاتى مەزمۇنلىرىنى مىللىي مائارىپىمىزدا قانداق شەكىلدە يولغا قويۇش، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مىللىي مائارىپىمىزنى قانداق پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقى ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلىنىش تەلىم-تەربىيە، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىر خادىم ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك.

مىللىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى سىستېمىلىق مائارىپنىڭ ھەرقايسى خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئۆلچىمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، دەۋرىمىز مائارىپقا قانداق تەلەپلەرنى قويۇۋاتىدۇ؟ ياكى مائارىپىمىزنىڭ دەۋر ئۆزگىچىلىكىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىنى دەۋرىمىزنىڭ ھازىرقى ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئويلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھازىر ئۇچۇر دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. بىلىم مىقدارى ئىلگىرىكى چاغلاردا بىرنەچچە ئون يىل ياكى ئون نەچچە يىلدا بىر قاتلىنىدىغان بولسا، ھازىر بىر - ئىككى يىلدا بىر قاتلىنىپ ئۇچۇر مىقدارى ئۇنىڭ پۈتۈن سان دەرىجىسى قىممىتىدە ئېشىپ بارماقتا. ئەسلىدە مەكتەپ تەربىيىسىدە ئۆگەنگەن بىلىملەر بىر ئۆمۈر ياكى ھېچبولمىغاندا 15 ـ 20 يىل يېتىدىغان بولسا، ھازىرقى كۈندە بىلىمنىڭ كونىراش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقىراپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر بەش ـ ئالتە يىللا يېتىدىغان بوپقالدى. ئۇنداقتا ئەمدى بىز مەكتەپلەردە قايسى خىلدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىمىز؟

ئىككىنچىدىن، بىلىم ـ سىرتتىن كەلگەن ئۇچۇر ۋە سىگناللارنىڭ ئادەم مېڭىسىگە مۇقىملىشىپ جايلىشىشى ۋە كېرەك بولغاندا ئەسكە ئېلىنىشىدىن ئىبارەت ئەقلىي جەريان. گەرچە بىلىم ئەقىل راۋانلىقىنىڭ كاپالىتى بولسىمۇ، لېكىن بىلىم ئىگىلىگەنلىك ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا كىرىشىشنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمىگەن، دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدىغان تەدبىرسىز كىشى ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ، دەۋرىمىز ئۈچۈن خۇددى بىلىمسىز كىشىگە ئوخشاشلا كېرەكسىز كىشىلەردۇر. ئۇنداقتا مائارىپ بىلىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەت بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى ھەرخىل بولغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشمىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەرگىمۇ ئېھتىياجلىق. ئۆزگىچىلىك شەيئىيلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولۇپ، شەخسنىڭ ئۆزگىچىلىك ئىندىۋىدۇئاللىقى ئۇلارنى تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەت ئىقتىدارى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. جەمئىيەتكە كېرەك بولىدىغىنى دەل كىشىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدۇر. ئىندىۋىدۇئاللىق تەرەققىياتى تولۇق بولغان خەلق خىرىسنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق كۈتۈۋالالايدۇ. رىقابەت ۋە خىرىس دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇۋاتقان ھازىرقى كۈندە مائارىپ بۇنىڭغا قانداق جاۋاب قىلىدۇ؟

دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھازىرقى كۈندە ھەرقانداق كەشپىيات ياكى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى، ئىگىلىك تىكلەشتىكى ھەربىر مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھېچبىرى كىشىلەرنىڭ يەككە - يېگانە تىرىشچانلىقىدىن بارلىققا كەلمەيدۇ. تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، تەتقىقاتتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىشى ۋە نازۇكلۇق دەرىجىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، ئەسلىھەلەرنىڭ غايەت زور كۆلەملىشىپ بېرىشى، پەنلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى قاتارلىق ئامىللار، شۇنداقلا كەسكىن تۇرمۇش رىقابىتى كىشىلەردە ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا تېخىمۇ بەك ئۆزئارا ھەمكارلىشىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى. ئۆزئارا ماسلىشىپ ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى تۇرغۇزۇشنى ئۆگىنىۋېلىش دەۋرىمىزنىڭ كىشىلەرگە قويۇۋاتقان مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ بىرى بوپقالدى. دەۋرىمىز مائارىپى بۇ مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەكمۇ - يوق؟

مائارىپ دەۋرىمىزنىڭ تەلەپلىرىگە چوقۇم جاۋاب بېرىشى، پائال ماسلىشىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، مائارىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان جەمئىيەتنىڭ دېكوراتسىيىسى بوپقالىدۇ. دەۋرىمىزنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە تەخىرسىزلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە ھازىر مەملىكىتىمىزدە بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى نىيەت قىلغان بىر مائارىپ پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ؛ بۇ ئېقىم يۇقىرىدا بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن «ساپا مائارىپى» دۇر.

بۇيەردە ئېيتىلغان «ساپا» شەخسنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى بولۇپ، «ساپا

ماائارىپى» شەخسنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ساپاسى ـ شەخسنىڭ تۇغما ئاناتومىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ ئاساستا كېيىنكى مۇھىت ۋە تەربىيە تەسىرىدە شەكىللىنىپ تەرەققىي ئەتكەن بىر قاتار تۇراقلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ساپا ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىچكى ئىقتىدارى بولۇپ، تاشقى ئامىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. دېمەك، ساپا مائارىپىنى، ئۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىي ساپاسى(نېرۋا سىستېمىسى، مېڭە خۇسۇسىيىتى، سەزگۈ ئەزالىرى ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى) نى يېتەكچى سۈپەتكە ئىگە قىلىدىغان ، ھەربىر كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇدىغان مائارىپ دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ساپا مائارىپى نۆۋەتتە مەكتەپ مائارىپى ئالدىغا قانداق كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى؟

ئاساسىي مائارىپىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر بىردەك بولمايدۇ. ساپا مائارىپىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مىسال تەرىقىسىدە بىز مائارىپ مىنىستىرلىكى 2000-يىل 30-يانۋاردا تارقاتقان «ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرس لايىھىسى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى كۆرۈپ باقساق بولىدۇ. بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، بۇلايىھەدە كۆرسىتىلگەن تەربىيە نىشانى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بەش خىل ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش:

1. ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى 2. پەن-مەدەنىيەت ساپاسى 3. ئەمگەك ئىقتىدارى ساپاسى 4. گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ساپاسى 5. جىسمانىي پسىخىك ساپا.

بىر روھ، ئۈچ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش:

1. يېڭىلىق يارىتىش روھى 2. ئەمەلىيەت ئىقتىدارى 3. بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ئىقتىدارى 4. ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئىقتىدارى.

بىرنى ئىلگىرى سۈرۈش:

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش:

ئالىي مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن ياخشى ساپالىق ئوقۇغۇچىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش.

يۇقىرىقى تەربىيە نىشانىنى ئوقۇۋاتقاندا ئوقۇرمەنلىرىمىز مۇنداق بىر مەسىلىگە ـ بىز ئىلگىرى مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈشنىڭ، بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلاردا ھازىرلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەلەپلەر ئىچىدە پەقەت پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دەپ بىرلا ماددىنى تەشكىل قىلغانلىقىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك.

تەربىيە نىشان تەلىپىدە ئىشلىتىلگەن«يۇقىرى كۆتۈرۈش» «يېتىلدۈرۈش» ، «ئىلگىرى سۈرۈش» قاتارلىق ئىبارىلەر، پەقەت ئەسلى ئاساسى بار نەرسىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدىغان پېئىل سۆزلىرى بولۇپ، تەلەپتە يېڭىدىن يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەزمۇنلار يوق. قارىغاندا، ساپا مائارىپى ئادەمنى ئۇ كىم بولسا، ئۇنى ئۆز تەبىئىيىتى بويىچە پەرۋىش قىلىپ شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تەرەققىي ئەتتۈرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان كېيىنكى تەرەققىياتى، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك قۇرۇلمىسىدا ئۆزلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بولمىغان نەرسىلەرنى يارىتىش ياكى شەخسنىڭ تەبىئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىر كىشىنى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر كىشى قىلىپ چىقىش مائارىپنىڭ باش قاتۇرۇدىغان مەسىلىسى ئەمەس. پېداگوگىكا بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدىغان بۇنداق بىھۇدە ئىشقا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ. تەربىيە ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك رېتىمىغا تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئاچىدۇ؛ شۇڭا ساپا مائارىپى بالىلارنى ئالدىن بەلگىلەنگەن بىرەر شوئار، ئەندىزىلەرگە ئۇيغۇن قىلىپ تەربىيىلەش ئۇستىدە ئەمەس، بالىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەلىم-تەربىيە ئۇستىدە ئىزدىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ ساپاسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق ئۆزگىچىلىكى مىللەت خاراكتېرىنىڭ شۇ شەخستە ئىپادىلىنىش شەكلى بولغانلىقتىن، خاسلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ساپا مائارىپى تەبىئىي ھالدا ئۆزىدە مىللىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«گوۋۇيۈەننىڭ ئاساسىي مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى قارارى» ( 国发[2001]21 号 ) دا مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىي مائارىپنىڭ تۈپ نىشانى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن . دېمەك، ساپا مائارىپىنىڭ ئاخىرقى نىشانى مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ساپا مائارىپى مائارىپنىڭ ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكى، ھەم مىللىيلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 3.تەربىيە پائالىيىتىنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى

بىز ھازىرغىچە بىلىم ئۆگىتىشنى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىلىملىك كىشى ـ ھەممىگە قادىر كىشى. ئىلىمنى ھۆرمەتلەش، تىرىشىپ ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ھەرخىل سورۇنلاردا شۇنچىلىك كۆپ تەكىتلەندىكى، ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقىمىز بۇ سۆزلەرگە كۆنۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بىز ئۇلارنى ئاغزىمىزدا دەپ تۇرساقمۇ مەنىسىگە دىققەت قىلمايدىغان ، پەقەت ماقالە ياكى نۇتۇقلىرىمىزغا پاساھەت بېغىشلايدىغان ئىبارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

قويدۇق. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى دىققەت بىلەن دەرس ئاڭلاشقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشقا، كىتابتا يېزىلغانلارنى خالىغان ۋاقىتتا بىرىنى قالدۇرماي قايتا ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشقا مەجبۇرلىغان بولساق، پەرزەنتلىرىمىز ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئايرىم ئۆيگە سائەت-سائەتلەپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە، دەرس يادلاشقا يالغۇز ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ شەخسىي قىزىقىشى، ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلىرى بىزنىڭ نەزىرىمىزگە چۈشمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ رومان ئوقۇشى، تەنتەربىيە كوماندىلىرى ياكى ناخشا-ئۇسسۇل، رەسىم، مۇزىكا كۇرژوكلىرىغا قاتنىشىشى ھەرۋاقىت ئاتا-ئانىلار، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارنى ئەندىشىگە سېلىپ تۇردى. چۈنكى بالىلارنىڭ كۆڭلى باشقا ئىشلارغا بېرىلىپ كەتسە، ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە سەلبىي ئاتاق، ئاتا-ئانىلارغا بىسىم ئەكېلەتتى. مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىمۇ ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن ئۆلچەندى. مەلۇم رايوننىڭ ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسىنىڭ قوشنا رايوندىن تۆۋەن بولۇشى، شۇ ئورۇندىكى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغاپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان بېسىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئېغىزىمىزدا «ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ يېتىلگەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش» دەپ ئېيتساقمۇ، «تىرىشىپ ئۆگىنىش» تىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى شەكلەن نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھەقتە، ئارىمىزدىكى جامائەتكە تونۇلغان بىر مەكتەپ رەھبىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئويلاپ كۆرۈڭ، مەكتىپىمىزنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولسا، يۇقىرى رەھبەرلىك باشقا نەتىجىلىرىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ قويامدۇ؟ پەرزەنتلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمىسە، ئاتا-ئانىلار، بالىڭىزنى ئەخلاقلىق، ئاڭلىق، ساغلام بەدەن، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتۇق، دېگەن سۆزلىرىڭىزگە رازى بولامدۇ؟» دېمىسىمۇ راست، رەھبەرلەر خىزمىتىمىزنى ئىمتىھان نومۇرى ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان، بالىلىرىمىز ئىمتىھان نومۇرىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش توگەتكەندە ھۆكۈمەتنىڭ ئۈششىسىگە ھاپاش بولۇپ تۆمۈر تاۋاقتا ئىگە بولىدىغان تۇرسا، بىزگە نىمە ئىلاج. ھازىر تۆمۈر تاۋاقتا ئىگە بولۇشنىڭ مەزمۇنىدا بىرقىسىم ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا مەكتەپلەردە ئىمتىھان نومۇرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىدۇق.

بالىلىرىمىزنىڭ مەكتەپلەردە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلغىنىمىزدا، ئۇلار ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ياكى كىتابتىن ئوقۇپ بىلىۋالغان بىلىملەرنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئىشلىتىلىش قىممىتىنى ئويلاپ كۆردۇقمۇ؟ بىز ئەڭ ئەلاچى دېگەن بالىنىڭ مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن بىرەر قانۇنىيەت، تېئورىما، فورمۇلىلارنى رېئال تۇرمۇشتا ئىشلىتىپ، بىرەر ئەمەلىي مەسىلىنى ئىجادىي ھەل قىلىپ باققان ئىشنى بىلىمىزمۇ؟ كۆپ ھاللاردا بۇنداق ئىشلارنى مەكتەپتە دېگەندەك ئوقۇيالمىغان كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز. تۇرمۇش تەجرىبىمىزدىن بىلىمىزكى، مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇغانلارنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە ھامان باشقىلاردىن ئۆزۈپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇشى ناتايىن. ئۇنداقتا، بىز مەكتەپلەردە بالىلارغا بىلىم ئۆگەتمىسەكمۇ بولامدۇ، قانداق؟ بىز شەيخ سەئدىينىڭ:

كىمياگەر* ئۆلۈپ كېتەر غەمدە،
دۆت تاپار خارابىدىن غەزنە.

دېگەن شېئىرىنىڭ مەنىسىنى يۈزەكى ئىستېمال قىلىپ يۈرۈۋېرەمدۇق؟ بالىلار سەنئەت كېچىلىكلىرىدە سەھنىلەردە ئوقۇلىدىغان:

ئاق تېرەك،كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا
ئۆرلەيدىغان قىز كېرەك.

دېگەن ناخشىنى بۇنىڭدىن كېيىن بالىلارغا يەنە داۋاملىق ئېيتقۇزامدۇق-يوق؟

بىلىم ئوقۇتۇش يەنىلا مەكتەپلەردىكى ئاساسىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇيەردىكى بىلىم ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىنىڭ مېڭىسىگە بىلىم قاچىلاش، ئوقۇتقۇچى تەييار كۆز قاراشلارنى مۇتلەق ھەقىقەت سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا تېڭىش ئەمەس. بىز ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا بىلىم ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلارنى ھەرتەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى، ھەرگىزمۇ بىردىنبىر مەقسەت ئەمەس، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئوقۇتۇش جەريانى ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بىر خىل بىلىمنى بىلدۈرۈشلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئوقۇتۇش جەريانى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىم ئۆگىتىش جەريانى ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش جەريانى، ھەرخىل ئىقتىدارلارنى (لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى، تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى ، ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى) يېتىشتۈرۈش جەريانى بولۇشى كېرەك. ئوقۇتۇش جەريانى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئىلمىي پوزىتسىيە شەكىللەندۈرۈلىدۇ، ئىرادىسى چېنىقتۇرۇلىدۇ، خاراكتېر ، قىزىقىش قاتارلىقلار تەرەققىي ئەتتۈرۈلىدۇ.

ھازىرقى ئۆزگىرىشچان جەمئىيەت بىزدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئەمەس، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ قوزغىلىشى، ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىزدىنىش ئارزۇسىنىڭ يېتىلىشىگە

---

* كىمياگەر- قەدىمكى زاماندا، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا باشقا ماددىلاردىن ئالتۇن تاۋلاپ چىقىشنى تەتقىق قىلىدىغان كىشى

ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىمنىڭ كونىرىشى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋردە بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈش بولماستىن، ئۆگىنىش قىلىشنى بىلىش بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بىز ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا «سەن بىلمىسەڭ، مەن ئۆگىتىمەن» ئەمەس «سەن ئۆگىنىشنى بىلمىسەڭ، مەن ساڭا قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىتىمەن» دېيىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن مەلۇم بىر بىلىمنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە بىرەر قېتىم ئىشلىنىشى ناتايىن؛ لېكىن ئۇلاردا يېتىلگەن ئىلمىي مېتود، لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئۆگىنىش قىلىش ئىقتىدارى بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدۇ.

ئېنىقكى، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىلغان، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئەمەس. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈشى كېرەك؛ شۇ چاغدا ئوقۇغۇچى بىلىمنى، شۇنداقلا بىلىمنى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنەلەيدۇ. تەپەككۇرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىن ئۆتمىگەن، ئۇلارنى ئىگىلەشكە شەرت ھازىرلانمايلا ئېرىشىلگەن ئىدىيە ۋە ئىلىمنىڭ تەييار يەكۈنلىرى باللار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق. بۇھال، ئۆگەنگۈچىنى ئىلىم-پەننىڭ ئاخىرقى خۇلاسىلىرى بىلەن يۈزەكى قانائەتلىنىشكە، نۇرغۇن ئىلمىي يەكۈنلەرنى بىلسىمۇ، ئەتراپىمىزدىكى بىزگە ئەڭ يېقىن ئىشلار توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەسلىككە ئادەتلەندۈرىدۇ.

بىز مەكتەپتە ئۆگىنىدىغان بىلىملەر ئادەم ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى ئەڭ ئاساسىي تۈپكى بىلىملەر، زامانىۋى تۇرمۇشقا ماسلىشىش، داۋاملىق بىر ئۆمۈر ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن لازىملىق بولغان بىلىملەر بولۇشى كېرەك.

بىز مەكتەپلەردە ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئىنتىزام ئاستىدا ئوخشاش تەلەپ قويۇپ كەلدۇق؛ ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئوخشاشلا ئەلاچى بولۇشى، ھەممە پەنلەردە تولۇق نومۇر ئېلىشى، ئوخشاش مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە تەكشى قەدەم بىلەن مېڭىشىنى ئۈمىد قىلدۇق. ئۇلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، قىزىقىشى، قوبۇل قىلىش جەھەتلەردىكى پەرقلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتمىدى. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان «پالانى بىلگەن نەرسىنى سەن نېمە ئۈچۈن بىلمەيسەن»، «پۈستانى قىلالىغاننى سەن نېمە ئۈچۈن قىلالمايسەن» دېگەندەك، كۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا قارىغاندا تەنە كەيپىياتى قويۇقراق بولغان سۆزلەرنى پات-پاتلا ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز ھەممىنى ئوخشاش بىر ئەندىزىدە ئىشلەشكە تىرىشىمىز؛ لېكىن بۇ تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، ھەربىر شەخستە بولىدىغان تولىمۇ قىممەتلىك ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىگىلەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيمىز.

جەمئىيەت بىلىم ئىقتىدارى ۋە كەسپى - كارى ھەرخىل كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ھەرگىز ھەممىنىڭ بىر قېلىپتىن چىققاندەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. بىزگە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندەك ئالىملار، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردەك شائىر - يازغۇچىلار كېرەك بولۇپلا قالماستىن، يەنە رادىل ئابدۇللادەك كارخانىچىلارمۇ، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاندەك ئۇسسۇلچىلارمۇ ئوخشاشلا كېرەك. بۇخىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك بولغان ھالەتتە، ئەگەربىزدە مۇراسىم - زىياپەتلەر ئۈچۈن غىزا-قورۇملارنى چىقىرالايدىغان ئاشپەزلەر بولمىسا، ياكى شۇ زىياپەتلەردە ئولتۇرغان ئەپەندىم ياكى خېنىم-خانىملارنىڭ چېچىنى ياسايدىغان ساتىراش ئۇستاملار بولمىسا، ئۇ چاغدا قانداق بولاتتى!؟ يەنە كېلىپ ئوخشاش بىر كەسىپتىكى ھەممىلا كىشىدىن بىر خىل يۇقىرى سەۋىيىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەسىلەن، ئاشپەزلىكنى ئالساق، دۆلەت زىياپەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان داڭلىق ئاشپەزلەرمۇ، خېرىدارلار ئۈچۈن تەييارلانغان لەڭمەن چۆپى ئۈستىگە كورىغا ئېلىپ قويۇلغان تەييار قورۇمىدىن چۆمۈچلەپ ئۇسۇپ بېرىدىغان ئارقا كوچىدىكى ئاۋام كىرىدىغان ئەرزان پۇللۇق ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئاندا-ساندا لازىم بوپقالىدىغان ھېلىقى داڭلىق ھۆكۈمەت ئاشپىزىغا قارىغاندا، كۈندە ئالدىراش ئىشلەپ، نۇرغۇنلىغان تۆۋەن كىرىملىك ئوقەتچىلەر، مۇساپىرلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان ھېلىقى ئاشپەز جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىمدەك تۇرىدۇ.

مائارىپ شەخسنىڭ ئورنى ۋە رولىنى ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى، قانداقتۇر ئىدېئال كىشىلەرنى ئەمەس، ئەمەلىي رېئال كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ پەرقلىق تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساپا مائارىپى ئۆزىنى مەلۇم مەنىدىن پەرق مائارىپى دەپ ئاتىماقتا. بىز ئادىل ھوشۇردىن رادىل ئابدۇللادەك سودىغا ماھىر بولۇشنى، رادىل ئابدۇللادىن ئادىل مىجىتتەك سەھنە ئوبرازىنى يارىتىشنى، ئادىل مىجىتتىن بولسا داردا ماھارەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلالمايمىز؛ شۇنداقلا بۇ ئۈچ داڭلىق شەخس يۈرەك تاشقى كېسەللىك مۇتەخەسسىسى بولالمىغانلىقى ياكى مىكروبىئوگىيە تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يوقاپ كەتمەيدۇ. ھەربىر شەخس ئۆز ئالاھىدىلىكى ساھەسىدىلا ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدۇ؛ بۇمۇ خۇددى ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە يارىتىۋاتقان نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر دوكتۇرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مەتنىياز ھوشۇردەك يۇمۇرىستىك يازغۇچى بولالمىغىنىدەكلا بىر ئىش.

ھەربىر ئادەمدە ھامان باشقىلاردا بولمىغان ئۆزگىچە بىرخىل قابىلىيەت بولىدۇ، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ يەنە ئۆز ئاجىزلىقلىرىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ھەمكارلىشىشى كېرەك. ئەگەر دېيىش توغرا كەلسە، بۇمۇ بىر «جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

ئېكولوگىيىسى» بولۇپ، مەكتەپلەردىكى تەربىيە، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان، چىقىشقاق قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنى كەلگۈسىدە كەسكىن تۇرمۇش رىقابىتى ئىچىدە ئەركىن ئۈزالايدىغان بولۇشقا ھازىرلىشى كېرەك. مەكتەپلەردە بىز بالىلارنىڭ «ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى»غا ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

ساپا مائارىپى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ساپالاردىن ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ساپاسى، پسىخىك ساپا قاتارلىقلار غەيرىي ئەقلىي ساپالار بولۇپ، قويۇق مىللىي تۈسنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى ھەرخىل مەدەنىيەت تىپلىرىغا مەنسۇپ خەلقلەردە بىر-بىرىدىن خېلىلا پەرقلىق بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاقى، ئېستېتىك قارىشى (گۈزەللىك زوقى) ۋە پسىخىكىسى جەھەتلەرگە ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باسقان بولىدۇ. غەربتە ئىنتايىن نورمال، ھەتتا گۈزەل ھەرىكەت ھېسابلىنىدىغان ، نىكاھلانغۇچى قىز-يىگىتلەرنىڭ نىكاھ مۇراسىمىدا جامائەتنىڭ ئالدىدا سۆيۈشۈشىدىن ئىبارەت بۇ بىر ئىش كۆپلىگەن باشقا خەلقلەردە پەردىشەپنى قايرىپ قويغان سەت قىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدىغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ئالدىدا تاماكا چېكىشى ياكى ئاتا-بالا بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىش باشقا خەلقلەردە ھېچنېمە ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقلا بىر خەلقتە ئىنتايىن كۈچلۈك ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغايدىغان بىرەر مۇزىكىنىڭ ئىككىنچى بىر خەلقتە قوزغايدىغان تەسىرى ئادەتتىكىچە بولۇشى، ئۈچىنچى بىر خەلقلەردە بىزارلىق پەيدا قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

بىز، يېقىن كەلگۈسىدە خەلقئارادا مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق بىر مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئەگەر بۇنىڭ يىراق كەلگۈسىدە مۇمكىنچىلىكى بار دېيىلسە، بۇ ھەرگىزمۇ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ يېگانە مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئورتاقلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي مەنزىرە بولۇشى مۇمكىن.

ئاساسىي مائارىپ باسقۇچىدا مائارىپنىڭ مىللىيلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مىللىي تىل-يېزىقتا يۈرگۈزۈلۈشىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى تىل مىللەت پسىخىكىسىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى، مىللەتنىڭ ئاڭ فورمىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە مىللەتنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. تىلدىكى ھەربىر ئاتالغۇ مىللەت مەدەنىيىتىدىكى شۇ ئاتالغۇغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەزمۇنغا چېتىشلىق بولىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» دىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ، مائارىپ ئىشلىرىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىدا يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان ساپا مائارىپىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئەخلاقىي ۋە پسىخىك تەربىيىدە ھېچبىر نەرسە بالىغا قارىتا تەربىيىچىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدەك كۈچلۈك رول ئوينىيالمايدۇ. پەقەت شەخسىي ئەخلاق، خۇلق - مىجەز ئارقىلىقلا ئىككىنچى كىشىنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىش، خۇلق - مىجەز پەيدا قىلىش مۇمكىن؛ ئىرادە ئىرادە ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلىدۇ. مەكتەپلەردىكى، ئوقۇغۇچىلار بويسۇنۇشقا تېگىشلىك تەرتىپ، ئىنتىزام، تۈزۈم، «قائىدە» ، «ھەرىكەت ئۆلچىمى» قاتارلىق ئەخلاقىي بەلگىلىمىلەر ھەرقانچە پاراسەتلىك بىلەن ئىنچىكە تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەربىيىچى شەخسىيىتىنىڭ بالىلارغا بولغان بىۋاسىتە تەسىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ناقابىل ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇكەممەل قائىدە-تۈزۈملەرمۇ ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ قائىدە -تۈزۈملەرنىڭ ئۇنچىۋالا كېرىكى يوق.

بالىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پسىخىكىسىغا ئۆزىنىڭ شەخسىي پەزىلىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ئۆگۈت - نەسىھەتلەر بىلەن ئۈنۈم ھاسىل قىلماقچى بولغان تەربىيىچى، كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئەڭ ئاز يېتىدىغان تەربىيىچى؛ ئەخلاقىي نەسىھەتلەر بالا ئەقلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئەقىل ئۇلارنى شۇنداق ئۆزلەشتۈرۈشى مۇمكىنكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى كۆڭۈلگە يۇقماي بالىنىڭ قەلبىدە ئەقىلگە ئورناشقان مەزمۇنلارغا قارشى خاھىشلار پەيدا بولۇشى ئېھتىمال.

مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەخسىيىتى ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئوقۇتقۇچى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ «شەخسىي تەسىرى» دىن ئىبارەت بۇ ئۈنۈملۈك قورالنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىۋى ھامىيسى بولۇشى كېرەك.

جۇ خەنپىڭ فوتوسى

2002-يىل 12-ئىيۇن، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئالىي دەرىجىلىك فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى(M2)



# مۇنبەرگە تامغان ياش

(ھېكايە)

## چوپاني

كۆكنى قاپقارا بۇلۇت قاپلىۋالغانىدى خۇددى كۆڭلۈمنى موھتاجلىق قاپلىۋالغاندەك. يامغۇرچى يامغۇردىن بىشارەت بېرىپ ھەسرەتلىك سايرايتتى گوياكى ھازىداردەك. قارلىغاچلار كۆكتىن ئۇزۇق ئىزدەپ ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن «غۇژ-غۇژ» ئۇچاتتى بەئەينى سەن سىنىپقا مەنىۋى ئوزۇقلۇق ئىزدەپ ئالدىراپ ماڭغاندەك. ئەمما، قارلىغاچلارسەن-دەك بۇنداق خامۇش، چۈشكۈن، ئۈمىدسىز ئەمەس، شوخ، تېتىك، روھلۇق، غەمسىز ئىدى، مىسالى سېنىڭ باللىق چاغلىرىڭدەك.

سەن دەرغەزەپتە سىنىپقا كىرىپ كەلدىڭ خۇددى تۈيۈقسىز چىققان قارا بوراندەك. سەن شۇ دەرىجىدە جۇدۇنلۇق ئىدىڭكى، ئىلگىرىكى سالماقلىقىڭنى تامامەن يوقاتقانىدىڭ. شۇڭا، باللارغا ئادىتىڭدىكىدەك بىر قۇر قاراپ چىقىشىڭ ئورنىغا بۇرۇنقى باھاردەك ئىللىق چېھرىڭدىن قار-مۇز ياغدۇرۇپ تۇرۇپ يوقلىمىنى ئاچتىڭ. باللار جىمىدە ئولتۇرۇشاتتى گوياكى ۋۇجۇدۇڭدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان جۇت - زىمىستاندا توڭلاپ قالغاندەك.

سەن ئاۋۋال «سىنىپ باشلىقى» دەپ چاقىرىشىڭ ئورنىغا:

- كىم يوق! ؟ - دەپ سورىدىڭ قوپاللىق بىلەن، خۇددى خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن بەڭگىدەك.

سىنىپ باشلىقى «لىككىدە» ئورنىدىن تۇردى، بەئەينى چۆچۈگەن كىيىكتەك. شۇڭا، ئۇ ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ: «ئى - مى» دەپ بولغىچە، سەن يەنە سوراپ بولدۇڭ:

- ھۇ، پاڭ، ياغاچ قولاق! «كىم» دېدىم مەن ساڭا! ؟

- ھەم . . . ھەممىسى تولۇق.

بۇنىڭدىن قىلچە خۇش بولمىدىڭ. بىر چاغلاردا باللار مۇشۇنداق تولۇق بولىدىغان بولسا، شۇنداق خۇش بوپكېتەتتىڭ، خۇددى ۋىسال قۇچقان ئاشىقتەك؛ دەرسىنمۇ شۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن ئۆتۈپ، ئالەمچە سۆيۈنۈپ يايراپ كېتەتتىڭ گوياكى سۇغا چۈشكەن چاڭقاق بېلىقتەك؛ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن سىنىپتىن شېرىن كەيپ - يەڭگىل قەدەملەر بىلەن چىقاتتىڭ بەئەينى ئاققۇ پېيىدەك!

ئەمما، بۈگۈن. . .

باللاردىن سىناق ئالمايلا يوقلىمىنى يېپىۋەتتىڭ. باللار بىر-بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى. چۈنكى سەن ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم

.

ئەدەبىيات گۈلزارى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كەسپي ئەخلاققا خىلاپلىق قىلىغانىدىلىك - ھازىرغا قەدەر بىرەر قېتىممۇ سىناق ئالماي تۇرۇپ دەرس باشلاپ باقمىغانىدىلىك. شۇڭا، بالىلار بۇ قىلىقىڭدىن ھەيران قېلىشقانىدى. ھەتتا بۇ قىلىقىڭدىن ئۆزۈڭمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتىڭ؛ ئۆز-ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋاتاتتىڭ، خۇددى سىناقتىن ئۆتەلمىگەن بالىلارنى ئەيىبلىگەندەك. سەن يانچۇقۇڭدىن يېشىل تاشلىق خاتىرىنى چىقىرىپ، كىتاب پۇلىنى بەرمىگەن بالىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشقا باشلىدىڭ:

- نەجمىددىن!

سەن خاتىرىنى مۇنبەرگە قويۇپ، بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ. سېرىق چىراي، دىقماقراق كەلگەن بىر بالا تولىمۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى. بۇ ھال ساڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇنى نامراتلىق - يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق - خىجالەتنىڭ خۇددى تاغدەك بېسىپ تۇرغانلىقىنى سەن ناھايىتى ئوبدان بىلەتتىڭ: ھازىر ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتىڭ.

ئەمما بۈگۈن پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى!

- پۇلنى ئەكەلدىڭمۇ!؟

- . . .

بالا جاۋاب بەرمىدى. بۇ، ئۇنىڭ پۇلنى يەنە ئەكەلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. «غۇژژىدە» تۇرۇلدۇڭ، قارىغاندا تازا ئاچچىقىڭ كەلدى:

- چىقە!

بالا دوسكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بېشىنى مەھكۇمانە ئېگىپ، تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

-نېمىشقا!؟

- . . .

بالا يەنە جاۋاب بەرمىدى. بۇ، دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا بۈگۈنمۇ پۇل بەرمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. تاقىتىڭ تاشقانىدى:

- ھەي تازھەي! داداڭ پۇل بەرمىگەن بولسا، جامەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئالدىڭغا بىر داستىخان سېلىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ!

ئۇنىڭغا قارىدىڭ. بالىنىڭ يالىڭاياق پۇتى چاك-چاك يېرىلغانىدى، خۇددى ئۇ، ئۇلارنىڭ - ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، سەن، خوتۇن-بالىلىرىڭ ھارماي يەپ كېلىۋاتقان زاغرا ناندەك. ئىشتىنىنىڭ يىرتىقىدىن ساغرىسى ماراپ قالغانىدى، گوياكى پىلەكنىڭ سايىسىدا قالغان سېرىق سويمىدەك. يۈرىكىڭ پىژژىدەئېچىشىپ كەتتى، مىسالى ئۇنىڭ يۈرىكىدەك. ئەمما بۈگۈن پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى.

- ھازىرچە تىلەمچى - سائىلدىن باج ئالمايدۇ، بازار باشقۇرۇش راسخوتى ئالمايدۇ، ئورۇن پۇلى ئالمايدۇ، مۇھەممەت ئاسراس پۇلى ئالمايدۇ، ئاڭلىدىڭما!؟ ھە، ئاڭلىغان بولساڭ، ساڭا ھازىردىن باشلاپ ئەتە ئەتىگەنگىچە رۇخسەت. ماڭە، ھازىر جامەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ماۋۇ ياغلىقنى ، - سەن ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان بىر قىز بالىنىڭ ياغلىقىنى بېشىدىن يۇلۇپلا ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇڭ، - ماۋۇ ياغلىقنى ئالدىڭغا سېلىپ ئولتۇر! ئاغزىڭ بېسىقماي ئىلتىجا قىل!

جان ئانامدىن ئايرىلىپ،
چىرايىم سامان بولدى.
ئۆگەي ئانام دەردىدە ،
كۆز ياشىم راۋان بولدى.

ئاچ كۆزۈڭنى جان ئانا،
غېرىب بولغان بالاڭ كەلدى.
ياپياش تۇرۇپ قەلبىگە
دەرد تولغان بالاڭ كەلدى.

دەپ قوشاق ئوقۇپ، ماڭقاڭنى ئېقىتىپ راسا يىغلا! ماڭە!

بالا قىمىرلىمىدى. سەن ئۇنىڭ گەدىنىگە كاچىتىڭ بىلەن «قاسىدە» قويدۇڭ . كاچات ئۇنىڭ گەدىنىگە ئەمەس، يۈرىكىگە تەگدى. ئۇ سەنتۈرۈلە-سەنتۈرۈلە بېرىپ ئىشىككە دوقىقىدە بىرنى ئۇسۇپ توختىدى. ياق، ئىشىككە ئەمەس، يۈرىكىگە. يۈرىكىڭ ئاغرىپ كەتتى، خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىدەك.

ئەمما پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى.

سەن ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتىڭ. ئىشىكنى ياپتىڭ. ئۇنىڭ بىچارە سىماسى سىنىپتىن يوقالدى.

يەنە خاتىرىگە قارىدىڭ.

- رۇستەم!

ئاۋاق، ئېگىز بوي، قاپقارا يۈزلىرىنى تەمرەتكە باسقان بىر بالا ئورنىدىن تۇردى.

- چىقە!

ئۇمۇ نەجمىددىننىڭ تۇرغان جايىغا كېلىپ توختىدى.

- سەنچۇ!؟

- . . .

ئۇمۇ جاۋاب بەرمىدى. ئىشتانىبېغى ساڭگىلاپ تۇراتتى. تىكىشىدىن سۆكۈلۈپ كەتكەن پۇشقىقىنى تۈرۈۋالغانىدى. بەتىنكىسى پۇتىدا تۇرمىغاچقا، بىر ئاق سۇلياۋ شوينىدا ئوشۇقىغا چېگىۋالغانىدى.

- ھەي پاخشەك، ھەي قوتۇر ھەي! سەن تۈنۈگۈن: «ئەتە چوقۇم ئەكېلىمەن» دېگەن - يا!؟

بالا «ئىتى-مىتى» دەپ قالدى. «سەرگە ئولتۇرمايدىغان» باھانە-سەۋەبلىرىدىن جاق تويغانىدىڭ، گەرچە ئۇنىڭ باھانە - سەۋەبلىرىنىڭ راس - ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساڭمۇ. ئەمما پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىدىن تۇتۇپ بىر تارتىۋېدىڭ، پارتىدە يىرتىلىپ قولۇڭغا چىقىپ قالدى. شەپكىنىڭ سايىۋىنىنى پىررىدە چۆرۈۋېتىپ، يۇلۇپلا قولۇڭغا ئالدىڭ -دە، خۇددى ھېلىقى قىز بالىنىڭ ياغلىقىنى يۇلۇپ ئالغاندەك. شەپكە بىلەن رۇستەمنىڭ بېشىغا قاسىدە قويدۇڭ. رۇستەم: «ۋايجان!» دەپ لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى، خۇددى قولتۇق تايىقىدىن ئايرىلىپ قالغان توكۇردەك. سەنمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە«ئىم!» دەپ قالدىڭ. يۈرىكىڭ تولغىنىپ كەتتى، ئۆزئەينى رۇستەمدەك. چۈنكى ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان قىپقىزىل قان بالىنىڭ قاپقارا گەدەن

ۋە يۈزىنى بوياۋاتاتتى، مىسالى يۈرىكىڭدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان خىزىرنىڭ كۆڭلىدەك ئاپئاق قەلبىڭنى بوياۋاتقاندەك. قاننى كۆرۈپ چۆچۈپلا كەتتىڭ، گوياكى ئوۋچىنىڭ ھىدىنى ئېپقالغان كىيىكتەك.

«توۋا، بۇ نېمىش؟ شەپكە بىلەن ئۇرغانغىمۇ قان چىقامدۇ؟!...»

سەن ئۇنىڭ شەپكىسىنى مۇجۇقلىدىڭ، خۇددى موھتاجلىق يۈرىكىڭنى مۇجۇقلىغاندەك. قولۇڭغا بىر قاتتىق نەرسە ئۇرۇندى. ئۇنى شەپكىنىڭ ئەستىرىدىن سىيرىپ چىقاردىڭ. قولۇڭدا جانانە گۈلى چوڭلۇقىدا بىر ئېلېكتىرماتور پەيدا بولدى. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھىڭ قىرىق گەز ئۇچتى.

– بۇ نېمە!؟

– ...

– بۇ بىرنېمىنى نېمىشقا شەپكەڭنىڭ ئىچىگە سېلىۋالغان!؟

– ...

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. سەن تېخىمۇ ھەيران قالدىڭ. چۈنكى سەن فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بالىلارنى ھەرىكەتلىنىدىغان بىردىن مودېل ياساپ كېلىشنى تاپىلىغانلىقىنى، ئېلېكتر ماتور تاپالمىغان رۇستەمنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن بىرمۇنچە تەنقىدلەنگەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ! مەكتەپ تەجرىبىخانىسىنى تازىلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىر ئېلېكتر ماتور ئېلىۋالغانلىقىنى، مۇئەللىمنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، شەپكىسىنىڭ ئەستىرىگە تىقىۋالغانلىقىنى ئۇقمايتتىڭ.

– ماڭە، ساڭىمۇ ئەتە ئەتىگەنگىچە رۇخسەت. مەدىكار بازىرىنى بىلەمسەن؟ بىلمىسەڭ، مەن دەپ بېرەي، جامەنىڭ ئۇدۇلىدا – سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا. ھازىر بېرىپ مەدىكار ئىشلە. بىركىمنىڭ خالىسىنىڭ گەندىسىنى تارتامسەن، ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى تۆكەمسەن، نېمىش قىلساڭ قىلىپ، پۇل تېپىپ كەل!

ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىمۇ دۈمبىسىدىن زورلۇق بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتىڭ، خۇددى ئۆمرۈڭدە تىلىڭغا ئېلىپ باقمىغان ئەڭ سەت سۆزلەرنى ئالجىپ ئاغزىڭدىن چىقىرىۋەتكەندەك.

يەنە خاتىرىگە قارىدىڭ.

– ئايشەبىرىنگۈل!

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، خۇددى ناشتىسىز قالغان ئاھۇ-كىيىكتەك. ئەمما، سېنىڭ «چىقە!» دەپ بۇيرۇق قىلىشىڭنى كۈتمەستىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دوسكىغا قاراپ تىك تۇردى، خۇددى ئىلىپتەك. ئۇنىڭ ئېگىز بويى شۇنداق تۈز-كېلىشكەنىدى، بەئەينى سەرۋىدەك؛ قىزىل مەڭىزلىك يۈزى يۇپيۇمىلاق ئىدى، خۇددى تولۇن ئايدەك؛ سۆزلىرى-سورىغان سوئالىڭغا بېرىدىغان جاۋابلىرى شۇنداق شېرىن ئىدى، گوياكى بالدەك؛ ئۆزى پاكىز-غۇبارسىز ئىدى، مىسالى تاڭ شەبنىمى قونغان قىزىلگۈل بەرگىدەك. قاپقارا چاچلىرى چىقىپ قالغان تۆشۈك ئەترەڭ ياغلىقى، تولا يۇيۇلۇپ رەڭگى قالمىغان، تىتىلىپ – تارىلىپ كەتكەن قارا ئەتلەس كۆڭلىكى، كۆڭلىكىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋدىغان قىزىل ئىچ كۆڭلىكىنىڭ قوناق قولاقلىرىدەك ساڭگىلاپ – لەپىلدەپ، يەر سۆيۈپ تۇرغان ئىككى تال «قىزىل لېنتىسى»، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېگىكىنىڭ تۈۋىدىنلا تۈگمە ئورنىدا ئىلىۋالغان دات باسقان ئىلمىكى، پاسونىنىڭ غەلىتىلىكىدىن ئۇنىڭ «پەت بازىرى»دىن سېتىۋالغانلىقى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇرۇۋدىغان سېرىق رەڭلىك كونا كاستۇمى، لاتاكەشنىڭ ئۇچىدىن« مانا، مەن بۇ يەردە» دەپ ماراپ تۇرغان بارمىقى... ئۇنىڭ بۇ گۈزەل لاتاپىتىگە قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى ھەم يەتكۈزەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە سېنىڭلا ئەمەس، ھەممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئەڭ ئامراق، ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىڭ ئىدى.

ئايشەبىرىنگۈلنىڭ ئۈستىۋېشىغا قاراپ ئىچىڭ سىيرىلىپلا كەتتى، خۇددى پۇل غەلۋىسى قىلغان بالىلىرىنىڭ يىغىسىنى تولا ئاڭلاپ قولىغا بىر تىيىنمۇ تۇتقۇزۇپ قويالمىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەندەك. ئەمما«ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى» دەپلا بالىلاردىن، ھەتتا ئامراق-سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىڭ ماۋۇ ئايشەبىرىنگۈلدىن پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىنمۇ ئاچچىقىڭ بىلەن، تۇنجى قېتىم«سەن» لەپ سورىدىڭ:

– سەنچۇ!؟

– ...

ئۇمۇ جاۋاب بەرمىدى.

شۇ تاپتا شۇنچىلىك تەرسا، ئەسەبىي، «پۇلخۇمار»، «يۈزسىز» لىشىپ كەتكەنىدىڭ. مۇشۇ ئامراق، سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىڭغىمۇ يۈز-خاتىرە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىمۇ ھاقارەتلىۋەتتىڭ:

– ساڭىمۇ ئەتە سەھەرگىچە رۇخسەت. سەنمۇ ھازىر مەدىكار بازىرىغا بېرىپ پۇل تېپىپ كەل! بىركىمنىڭ بالىسىنى باقامسەن، يا بىركىمنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆسىرىنى يۇيامسەن، پىتىنى باقامسەن، ياكى... لىڭگۈڭلىغا① چىقىپ...

«نومۇسۇڭنى ساتامسەن» دېگەن گېپىڭنى يۇتۇۋەتتىڭ. ئەمما كېچىككەنىدىڭ. چۈنكى سېنىڭ: «لىڭگۈڭلىغا چىقىپ...» دېگەن گېپىڭنىڭ ئۆزىدىنلا بالىلار ھەممىنى چۈشىنىپ بولغانىدى. سەن ئۆپكەڭنى سەل بېسىۋېلىپ، قاۋاقخانا ۋە ئېپپىتى ساتقۇچىلارنىڭ كۆپلىكى، مۇلازىمىتىنىڭ «ئەلالىقى» بىلەن «داڭق» قازانغان بۇ «شۆھرەتلىك» ماكاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا، باشقىچە سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن بولساڭ، بەلكىم بۇ ئىش يۈزبەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ساڭا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ قۇياشنىڭ ئالتۇن يىڭنىسىدەك ئۆتكۈر نىگاھلىرى كۆكسۈڭنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىڭدىن غەلۋىرسىمان تۆشۈك ئېچىۋەتتى، خۇددى

① لىڭگۈڭلى – خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە«نۆل كىلومېتىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ چالا يۇتۇۋەتكەن سۆزلىرىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەندەك. يۈرىكىدىن سىرغىغان قاندا لەيلەپ قالدىڭ، خۇددى ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز يېشىدا لەيلەپ قالغاندەك.

- پۇل بەك لازىم بوپقالغان بولسا، - دېدى ئۇ تەمتىرىمەي، دانىمۇ دانە قىلىپ ، - قىرىپ قالغان خوتۇنلىرىنى ھېچكىم پۇلغا ئالمايدۇ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغان قىزلىرىنى لىڭگۇڭلىغا چىقارتسىلا، پۇل تېپىپ كىرسۇن!

ئۆز ئوقۇغۇچىڭ تەرىپىدىن قىران غۇرۇرۇڭ، نازۇك قەلبىڭ شۇنداق خورلاندى، خۇددى ئايشىرىنگۇلنىڭ سەبىي غۇرۇرى، سەبىي قەلبى خورلانغاندەك. ئەمما ئۇنىڭدەك ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمىدىڭ. غەزىپىڭ مېڭەڭگە تېپىپ، كۆز ئالدىڭ قاراڭغۇلاشتى، تىترەپ كەتتىڭ، گوياكى كەچكۈزدىكى ياپراقتەك. ئازابناك يۈرىكىڭ دۈپۈلدەپ سېلىپ، نەپسىڭ كېسىلدى، مىسالى سىل كېسىلى بولغان ئادەمنىڭ نەپسى كېسىلگەندەك. پۇت-قولۇڭنىڭ ماغدۇرى قېچىپ لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىڭ، خۇددى جېنىڭ چىقىپ كەتكەندەك. ئىككى قولۇڭنىڭ ئۈستىگە بېشىڭنى قويدۇڭ، گوياكى «لىڭگۇڭلىغا چىقىپ» دېگەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، بېشىنى پارتىغا قويۇۋالغان قىز ئوقۇغۇچىلاردەك. قاتتىق تەشنالىق ھېس قىلدىڭ، چۆلدە قالغان سۇسىز يولۇچىدەك.

شۇنداق، سەنمۇ مەرىپەت باغچىسىدىكى تەشنا يولۇچى - تەشنا باغۋەن ئىدىڭ!

ئەمما، سەن ھازىر سۇغا ئەمەس، پۇلغا تەشنا ئىدىڭ!

شۇڭا، پۇلنى ئالماي زادى بولمايتتى.

سەن خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتتىڭ، گوياكى مەۋجۇدلۇقۇڭنى يوقاتقاندەك. سېنى خىيال ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. ئەمما، نېمىنى خىيال قىلغىنىڭنى بىلمەيتتىڭ؛ خىيالىي دۇنيادا قانچىلىك ياشىغىنىڭنى بىلمەيتتىڭ. شۇڭا، ئېسىڭنى يىغىپ ئويلىدىڭ:

«توۋا، بۇ ئىنتائەتچان، ياۋاش، ئەدەب - ئەخلاقلىق قىز ئايشىرىنگۇل شۇمۇ؟! مېنى خۇددى ئاتا-ئانىسىدەك ھۆرمەتلەيدىغان، ئەقىللىق-زېرەك ئوقۇغۇچىم مۇشۇ ھە!؟...»

«مۇشۇ ئىشلارنى، مۇشۇ سۆزلەرنى قىلغان مەنمۇ - ھە!؟ مەنمۇ ئوقۇتقۇچىمۇ؟ قېنى مەندىكى ئوقۇتقۇچىغا خاس ئەخلاقىي-پەزىلەت؟...»

«بۇ زادى مەنمۇ - ئەمەسمۇ!؟...»

بۇ سەن ئىدىڭ. ئەمما، ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئايشىرىنگۇل ئىكەنلىكىگە، بۇنىڭ ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى، خۇددى ئوقۇغۇچىلىرىڭ سېنىڭ بۇرۇنقى چىھرىدىن خۇشخۇيلۇق، مېھرىبانلىق، تىلىدىن شېئىر، ئىلىم-ھېكمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك! شۇڭا، ئۇلار سېنىڭ ئازاب - ھەسرەت ۋە موھتاجلىق شوئىلا ئۇرۇپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرىڭگە، كۆزلىرىڭ ئەتراپىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن يول-يول قورۇقلارغا، ئاق-سېرىق يۈزۈڭگە ۋە سول مەڭزىڭدىكى پۇرچاقچىلىق چوڭلۇقتىكى خالغا، خال ئۈستىدىكى ئىككى تال سېرىق تۈككە، ئۆڭۈپ تېگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاسماق چىمەن دوپپاڭغا، تولا يۇيۇلۇپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان زىغىرىرەڭ كاستۇمىڭغا، كۆڭلىكىڭنىڭ ئەستىرى كۆرۈنۈپ قالغان كىرسىز ياقىسىغا، تىزى چىقىپ خۇددى خالتىدەك بوپقالغان مېغىزرەڭ شىمىڭغا، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلنىڭياقى ماي كۆرمەي ئاقىرىپ كەتكەن، تولا يامىلىپ يامىغۇچىلىكى قالمىغان، پاشنىسى ئۆپراپ، مايماق كەتكەن بەتىنكەڭگە.. سىنچىلاپ قاراپ قېلىشقانىدى.

چۈنكى سېنىڭ ئوقۇتقۇچىغا ئوخشىماي قېلىشىڭ تۇنجى قېتىم ئىدى؛ دەرس ۋاقتىدا دەرس ئۆتمەي كىتاب پۇلى يىغىشىڭ، باللارنى ھاقارەتلەپ، تەن جازاسى بېرىپ، سەبىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشىڭ تۇنجى قېتىم ئىدى؛ ئوقۇغۇچىلىرىڭغا دەرد تۆكۈش قارارىغا كېلىشىڭمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى.

شۇنداق، سەن ئوقۇغۇچىلىرىڭغا دەرد تۆكمەكچى بولۇپ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئاۋۋال دوسكا تۈۋىگە قارىدىڭ. ئايشىرىنگۇل كۆرۈنمەيتتى. باللارغا قارىغان بولۇپ ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىغا قارىدىڭ. ئورنىمۇ بوش بولۇپ ئۇ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاچانلاردا چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالغانىدىڭ. باللارنىڭ ھەممىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرس ئۆگىنىۋاتاتتى. ئورنۇڭدىن تۇرماقچى بولدۇڭ، بىراق تۇرالمىدىڭ؛ ئۆز شاگىرتىڭ تەرىپىدىن خورلانغان يۈرىكىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرالمىدىڭ؛ ئۆز تىلىڭ، ئۆزقىلىقلىرىڭ ئارقىلىق لەختە - لەختە قىلىنغان يۈرىكىڭنى تىرىۋالالماي تۇرالمىدىڭ! شۇڭا، باللارغا خىجالەت بىلەن تەپتەكشى قاراپ چىقىپ، دەرد تۆكۈشنى باشلىدىڭ:

- مېنى بۇنداق تەڭلىكتە قويماڭلار ئۇبدان ئۆكىلىرىم! مېنى بۇنچە قىينىماڭلار! - دېدىڭ ئەلەم - ھەسرەت ۋە چەكسىز يىلىنىش - ئىلتىجا بىلەن، - ھازىر قانچىنچى ئاي، باللار؟

- 9-ئاي!

- شۇنداق، 9-ئاي، 9-ئاينىڭ 29 كۈنى. دۆلەت بايرىمىنىڭ يۈز خاتىرىسىدىن تۈنۈگۈن تېخى 6-ئايلىق مائاشىمىزنى ئالدۇق. مۇشۇنداق كېچىكىپ مائاش ئېپكېلىۋاتقىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. «تۈنۈگۈن مائاش ئالغاندىكىن، بۈگۈن بىزنى بۇنچىلىك قىستىۋالمىسىمۇ بولاتتى» دەپ قالماڭلار. مېنىڭ سىلەرنى بۇنداق قىستىۋالغىنىم، كۆڭلۈڭلارغا بۇنچىلىك قاتتىق ئازار بەرگۈم يوقتى. بىراق مەندىمۇ ئامال قالمىدى، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا دىلىڭلارغا ئازار بېرىشكە مەجبۇر بوپقالدىم. تۈنۈگۈن مائاش ئالغىنىم بىلەن قولۇمغا بىر سىنىتمۇ پۇل تەگمىدى! ھەممىنى كىتاب پۇلىغا تۇتۇۋالدى!...

قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن نېپىز لېۋىڭنى يالاپ قويۇپ داۋام قىلدىڭ:

- مېنىڭمۇ باللىرىم يوقما؟ ئۆيۈم يوقما؟ سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مېنىڭ يوقنى تېپىپ بېرىدىغان دادام يوق، سۇنۇق كۆڭلۈمگە تەسەللىي بەرگۈدەك، «ماۋۇ بىرباش پىيازكەن، ماۋۇ بىر تۇخۇمكەن» دېگۈدەك ئانام يوق، يا قولى ئىشقا تەگكەن بالام يوق.

تۆت پالامنىڭ ھەممىسى سىلەردەك مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ھەركۈنى كىتاب پۇلى، بەدەل پۇلى، گېزىت-ژۇرنال مۇشتەرى پۇلى، ئىئانە پۇلى، پائالىيەت پۇلى، ئىستىراخۇۋانىيە پۇلى، ئوقۇغۇچىلار فورما فۇلى... نىڭ غەلۋىسى! قىلىدىغان يالغان گېپىمۇ قالمىدى. تۈنۈگۈن كىچىك ئوغلۇمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى «جامەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالدىڭغا داستىخان سېلىپ ئولتۇر...» دەپتۇ، شۇنداق ئازابلىنىپ كەتتىم. ئوتتۇرانچى ئوغلۇمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى «چامغۇر بولسىمۇ مەيلى، زەدەك بولسىمۇ مەيلى، گۆلە-جىگدە بولسىمۇ مەيلى، ئۆيۈڭدە نېمە بولسا شۇنى ئەكەل، ھەتتا پوق بولسىمۇ مەيلى، دېھقانغا سامانغا بولسىمۇ تېگىشەي...» دەپتۇ، تولغىنىپ كەتتىم. چوڭ قىزىمغا بولسا: «ئاچاڭ بولسىمۇ ئەكەل...» دەپتۇ. ئۆپكەم ئۆرۈلدى، ئۆزۈمنى مىڭ تەستە تۇتۇۋالدىم. چوڭ قىزىمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بايا مەن ئايشىېرىنگۈلگە دېگەن گەپنى دەپتۇ، يىغلىۋەتتىم، بىر كېچە يىغلاپ چىقتىم؛ كۆزۈم بىلەن ئەمەس، يۈرىكىم بىلەن يىغلاپ چىقتىم. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم، قارغىدىم، ئۆز-ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. ئەلۋەتتە، باللىرىمنى ھاقارەتلىگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەمەس! نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىمەن، ئۇلارمۇ مەندىن ئۆتە دەردمەن.

سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەن قىپ باقمىغان قايسى ئىش قالدى؟ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، شەنبە-يەكشەنبىلەردە ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلدىم. تاپاۋىتىم خېلى ياخشى بولىۋېدى، باجگىرلار، بازار باشقۇرغۇچىلار، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكىلەر، قاتناش ساقچىلىرى تولا باشقۇرۇپ، جەرىمانە ئېلىپ كۈن بەرمىدى. «مەيلى» دەپ قىلىۋەردىم. ئەمما بىر بۇيرۇق بىلەنلا ھەممىمىزنىڭ ۋېلىسىپىتلىرىمىز يىغىۋېلىندى. بەزىلەر ۋېلىسىپىتلىرىنى ئاچقىپ يەنە ھەيدەشتى. لېكىن مەن ئاچقالمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىگە يەتكۈدەك پۇل تاپالمىدىم. پۇل تېپىپ، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ھەيدىگەن تەقدىردىمۇ، ئەتە-ئاخشامدا تاپقان پۇلۇمنىڭ ئۇنىڭ ھەرخىل راسخوتلىرىدىن ئېشىشىغا كۆزۈم يەتمىدى. ئاخىر سەي-كۆكتات ساتتىم، لەڭپۇڭچىلىق قىلدىم، ماتاڭچىلىق... قىلدىم. قانۇن-بەلگىلىمىلەردە: شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تىجارەت قىلغۇچىلاردىن بازار باشقۇرۇش ھەققى، باج... ئېلىنمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بولمىغاندىكىن، تاپقان-تەرگىنىم يەنە بازار باشقۇرۇش، باج... دىن ئاشمىدى. سىجىل قىلمىغان، ئەتە-ئاخشامدا، شەنبە-يەكشەنبىلەردە قىلغان ئىشتىن قانچىلىك پايدا قالىدۇ، دەيسىلەر؟

... مەن قىلمىغان پەقەت شۇ بىرلا ئالدىمغا داستىخان سېلىپ تىلەمچىلىك قىلىشلا قالدى. مەن بايا رۇستەمگە دېگەندەك، بۇ ناھايىتى ئوبدان كەسىپ، بازار باشقۇرۇش راسخوتى ئالمايدۇ، باج ئالمايدۇ، يەرپۇلى ئالمايدۇ، مۇھىت ئاسراش پۇلى ئالمايدۇ؛ بىركىم: «ئۇيانغا تۇر، بۇيانغا تۇر» دەپمۇ ھەيدىمەيدۇ. بىراق تىلەمچىلىك قىلىشقا يۈزۈم چىدىمىدى!... — سەن بىردەم گۈيلىنىۋالغاندىن كېيىن گېلىڭنى قىرىپ قويۇپ سۆزۈڭنى داۋام قىلدىڭ، — سىلەر بىلمەيسىلەر، ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىممۇ بىلمەيدۇ. ئۆيدە كۆمۈر، ئۇن، ياغ تۈگەپ كېتىپ، ئىككى قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ قان ساتتىم! ساتىدىغان، پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولغان تۇرسام، قان ساتماي نېمە ساتىمەن؟!...

گېپىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىڭدىن يەنە ياش قۇيۇلۇپ، تاتارغان يۈزلىرىڭنى بويلاپ ئاقتى. قارىچۇقلىرىڭنى ياش پەردىسى توسىۋالغاچقا، بالىلارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تۆكۈلىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرەلمەي قالدىڭ. سەن دوسكا تەرەپكە ئالدىڭنى قىلىپ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆز يېشىڭنى سۈرتۈۋېتىپ، كەينىڭگە بۇرۇلدۇڭ.

— بىزمۇ ئەللىملەر شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان خەقمۇ-ھە!؟... — سەن گەپنى بىردىنلا ئۆزۈڭنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدىڭ، — 25 يىلنىڭ ياقى مۇئەللىملىك قىلغىچە، ھېچبولمىغاندا بىر تىرىنچىلىك قىلغان بولسام...

بالىلارغا تۆكۈدىغان دەردلىرىڭ ھېچ تۈگىدىغاندەك قىلمايتتى. يەنە دەرد تۆكۈۋەرسەڭ، بالىلار بىلەن بىرلىكتە كۆز يېشىغا غەرق بوپكېتىشىڭ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇت-قولۇڭ سىرقىراپ، ماغدۇرۇڭدىن كېتىۋاتاتتىڭ. ماغدۇرسىزلىنىشىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەرھۇم يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىنى ئېسىڭگە سېلىپ قويغانىدى. ھازىر «ماغدۇر كەتكەندە» نىڭ داۋامىنى ئۆتۈۋەتمىسەڭ بولمايتتى. ھازىر ئۆتۈۋەتمىسەڭ، كېيىنكى سائەتلىك دەرس پىلانىغا، بالىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىگە تەسىر يېتەتتى.

— بولدى، دەرسىمىزنى ئۆتۈۋېرەيلى، — سەن كىتابنى ئېچىۋېتىپ سورىدىڭ، — ياسىن، سەن دەپ باقە، «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟

ياسىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ياشلىرىنى سۈرتۈۋالدى-دە، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىخچام قىلىپ جاۋاب بەردى:

— بۇ ھېكايىدە... دېھقانلارنىڭ ئەزگۈچىلەرنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان...

قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئۇنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قېلىۋېدى، يۈرىكىڭ «پىژژىدە» ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى «ماغدۇر كەتكەندە» نىڭ داۋامى ئېشىپ قالغانىدى. سەن ھېچقاچان شۇ سائەتلىك دەرسنى كېيىنكى سائەتكە ئاشۇرۇپ قويمىغانىدىڭ. بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك ئەڭ مۇھىم سۆزلىرىڭ كېيىنگە ئېشىپ قالمىغانىدى. شۇڭا، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئوقۇغۇچىڭنىڭ سۆزىنى قىسقىچە تولۇقلىدىڭ:

— ياخشى! — دېدىڭ سەن ئۇنى چىن يۈرىكىڭدىن ماختاپ، — شۇنداق، ياسىن دېگەندەك، بۇ ھېكايىدە

www.uyghurkitap.com

ئەزگۈچى ـ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمى ئاستىدا روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يەنجىلىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ھۆكۈم سۈرگەن، تەڭسىزلىك، خورلۇق بىلەن تولغان زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە خۇنۇك مەنزىرىسىنى روشەن سىزىپ بېرىلگەن!

ئىچىڭ بوشاپ قالغانىدى. بىراق بۇ، تەشۋىش، ئىزتىراپ، غەم-غۇسسە، خىجالەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىڭدىن، ئۈمىد-ئىشەنچكە تولغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى بالىلارنىڭ ئەتىمۇ كىتاب پۇلىنى ئەكېلەلمەيدىغانلىقى ساڭا بەشقولدەك ئېنىق ئىدى. ئەكەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىقىڭ ھەل بوپكەتمەيتتى. يەنە ئۈچ سىنىپتىكى بالىلاردا ئۆتكەن مەۋسۇملۇق بىر مۇنچە كىتاب پۇلى بار ئىدى. 7-ئايلىق مائاش تارقىتىلغان تەقدىردىمۇ قولۇڭغا پۇل تەگمەيتتى.

يوقلىما، كونسپېكلىرىڭنى قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ سىنىپتىن تېزلا چىقىپ كەتتىڭ. كۆك قاپقارا بۇلۇت، قارلىغاچلار بىلەن تولغانىدى، قەلبىڭ ئەلەم-ھەسرەت، موھتاجلىق، تەڭقىسلىق، ۋەدە، خىجالەت، كۆز يېشى، قان بىلەن. بۇ سېنىڭ ، ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەلەم-ھەسرىتى، تەڭلىكى، تەڭقىسلىقى، ۋەدىسى، خىجالىتى، قان ۋە كۆز يېشى ئىدى!

بۈگۈن پۇل تاپماي زادى بولمايتتى. چۈنكى بالىلىرىڭغا: «بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ۋەدەم، ماڭا ئىشىنىڭلار» دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭ. «قانداق قىلسام بولار؟ . . .»

قەدەملىرىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئىدى، خۇددى تاشتەك. يۈرىكىڭنى موھتاجلىق مۇجۇيتتى، گوياكى ئالۋاستى چاڭگىلىدەك. كېتىۋېتىپ ھەسرەتلىك پىچىرلاپ قويدۇڭ:

«ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار! . . .»

پۇل تاپماي زادى بولمايتتى.

قورسىقىڭ قەۋەتلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە ئالدىراپلا كىردىڭ. ئەمما ئالدىڭغا تاماق ئەمەس، ئايالىڭنىڭ سۆرۈن تەلەتى چىقتى:

ـ قويسىلا، پۇشۇلداپ ئولتۇرماي، بىر يەردىن ئۇن-ياغ تېپىپ كەلسىلە!

روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك «لاسسىدە» بوپقالدىڭ. بېشىڭدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، خۇددى ھەسەتخورنىڭ مورىسىدىن چىققان تۈتۈندەك.

«نەدىن پۇل تاپاي؟ كىمدىن پۇل سوراي؟ . . .»

ئۇزاق ئويلاندىڭ. شۇنچە ئويلاپمۇ ساڭا قەرز بېرىپ تۇرغىدەك بىركىمنى تاپالمىدىڭ. ياق، تاپتىڭ، بىراق ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ. چۈنكى ئۇلاردىن ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن قەرز ئېلىپ بولغانىدىڭ. ئۇلارغا قايتۇرۇدىغان 2000يۈەن قەرزىڭ شۇ پېتى بار ئىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن پۇل سوراش ـ دەشتى-چۆلدە ئۇسسۇز يولۇچىدىن ئۇسسۇزلۇق سوراش بىلەن ئوخشاش؛ سودىگەردىن پۇل سوراش ـ ئۆلۈكتىن جان سورىغان بىلەن ئوخشاش؛ ساخاۋەتلىك كىشىلەردىن پۇل سوراش ـ ئۇلارنىڭ ئالدىدا «قويمىچى» بوپقېلىش بىلەن ئوخشاش.

«قانداق قىلسام بولار؟ . . .»

«خەپ، قويمىچىلار، سەنلەرنىڭ دەستىڭدىن بىركىمدىن پۇل سورىغىلىمۇ بولمايدىغان بوپكەتتى-يا! ؟ . . .»

«يەنىلا قان ساتاي! . . .»

قان سېتىش قارارىغا كەلدىڭ؛ ئۆز-ئۆزۈڭگە بەرگەن «ئەمدى ھەرگىز قان ساتمايمەن» دېگەن ۋەدەڭنى بۇزۇپ، يەنە قان سېتىش قارارىغا كەلدىڭ.

ۋېلسىپېتكەمىنىپ شەھەرگە قاراپ ئۇچتۇڭ، خۇددى باش ئۇستۇڭدىكى قارلىغاچلاردەك. ئالدىرىمىساڭ بولمايتتى؛ دوختۇرلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپ بولغۇچە قان سېتىپ، قانىڭ پۇلىغا جان سېتىۋالمىساڭ بولمايتتى.

ۋېلسىپېتىڭ سايرايتتى، گوياكى يامغۇرچى سايرىغاندەك. كەڭ پىشانەڭدىن تەر سىرغىيتتى، بەئەينى رۇستەمنىڭ بېشىدىن، سېنىڭ يۈرىكىڭدىن سىرغىغان قاندەك.

سەن ئىككى يۈز يۈەنگە قان سېتىپ چىققاندا، كۆكتىكى بۇلۇتلار تېخىمۇ پەسلەپ، سىمىلداپ ياش تۆكۈپ تۇراتتى، مىسالى نەجمىددىن، رۇستەم، ئايشىبىرىنگۇل، قەلبىڭ تۆكۈۋاتقان ياشتەك. قارلىغاچلار بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى، بەئەينى ئۈمىد-ئىستەكلىرىڭدەك. يۈرىكىڭ بار-يوقىنىڭ ئارىلىقىدا سوقاتتى. پۇت-قولۇڭ ماغدۇرسىز، ئۆزۈڭنى ئاران-ئاران كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. سەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ، بىر قورساق ئاش سۇيى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇن ماگىزىنىغا كىردىڭ. 80يۈەنگە ئۇن-ياغ سېتىۋېلىپ پىچىرلىدىڭ:

«تۆتى 30كويدىن ئاپارغاچ تۇرسۇن. . . »

يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتكەنىدى. ۋېلسىپېتكە مىندىڭ، بار كۈچۈڭنى يىغىپ پىدالنى كۇچەپ تەپتىڭ. ئەمما ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ھاسىراپ، يۈرىكىڭ ئاغزىڭغا قاپلىشىپ قېلىپ، ۋېلسىپېتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇڭ. بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىڭ، گوياكى باقىدەك.① بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىدىڭ. شۇ ئىلگىرىلىگەنچە يامغۇر سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇپۇققا سىڭىپ كەتتىڭ.

ئەتىسى، يۇرتۇڭدا ھازا قىزىپ كەتتى. ھازاڭغا ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىڭدىن باشقا كەلمىگەن، ھازا ئېچىپ يىغلىمىغان ئادەم قالمىدى. چۈنكى ئۇ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىڭنىڭ بىرسى چاشقان دورىسى ئىچىپ، ئىككىسى «سۆگەتئېرىق» سۇ ئامبىرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغانىدى!

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى(M2)

---

① باقى ـ زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان



# شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلارغا خەت

ئەزىز سەيپۇللا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار، تىنچلىقمۇ سىلەر؟

بىز چەت سەھرادىكى كەسىپداشلار بۇ ئاددىي خەت ئارقىلىق سىلەرگە ئۇنلۇق سالام يوللىدۇق. بىزلەر نامدا سىلەر بىلەن ئوخشاشلا «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» دەپ ئاتالساقمۇ، بىراق خىزمەت مۇھىتىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى نۇقتىسىدىن ئارىمىزدا خىزمەت، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى پەرق كۆرۈلمەكتە. بىز مۇشۇ پەرقلەر توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى. مەقسىتىمىز، سىلەر ئىگە بولغان ياخشى شارائىت، گۈزەل مۇھىتقا كۆز قىزارتىش ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مائارىپىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

## سىلەر دەم ئېلىش كۈنىنى قانداق ئۆتكۈزىسىلەر؟

بىز يېزىدىكىلەرنىڭ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمىز بەكمۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتىدۇ. كۆپلىرىمىز دەم ئېلىش كۈنىنىڭ تېزراق كېلىشىنى كۈتىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ خىزمەتتىن قاچقانلىقىمىز ئەمەس، ئەكسىچە مۇھىم ئىشلىرىمىزنى ئەشۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمىزدا. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى دەرس تەييارلىق خاتىرىسى يازىمىز، ماتېرىيال كۆرىمىز، ئىزدىنىمىز. چۈنكى بۇ ۋاقىت بىز ئۈچۈن دەرس تەييارلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. بۇ ئىككى كۈندە دەرس تەييارلىۋالمىساق، باشقا كۈنلەردە ئۇنىڭغا ۋاقىت چىقارغىلى بولمايدۇ.

بۇلا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ھەپتىدە يىغىلىپ قالغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى دەل مۇشۇ كۈندە تەكشۈرۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە يەنە ئائىلە ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىۋالمىساق، ئازغىنە يەرلىرىمىزنى مۇشۇ كۈندە تېرىپ، سۇ ئاچمىساق، ئوتياشلىرىمىزنى ئوتاپ-يۇتمىساق بولمايدۇ...

ئەگەر يەنە ۋاقىت ئاجرىتالىساق ئائىلە سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى ھەپتىلىك ئوقۇتۇشقا ئاساس سېلىۋالمىساق بولمايدۇ. بەزىدە بىز شەنبە، يەكشەنبىلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغىنىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز. پىلانلىق تۇغۇت باھالىشى ئۈچۈن ھەرخىل جەدۋەللەرنى تولدۇرۇش، كەنتلەرگە بېرىپ پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى بويىچە دەرس سۆزلەش، دېھقانلارنىڭ يىغىم-تېرىم، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، نوپۇس ئېنىقلاش، يېزىغا كەلگەن ھەرخىل باھالاش ئۆمەكلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىش قاتارلىقلار دەم ئېلىش كۈنلىرىمىزگە توغرىلانغان.

ئومۇمەن، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمىز بىر ھەپتىلىك خىزمەتلىرىمىزنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان. بىراق بىز بۇنىڭغا ئانچە ۋايساپ كەتمەيمىز.

تېخى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتىنى ئاشۇرىمىز دەپ، بەزى ۋاقىتلاردا بىرقىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېغىر تىل-ئاھانەتلىرى، ھەتتا تاياق-توقماقلىرىغىمۇ ئۇچرايمىز، بىز بۇلارغا كۆنۈك. نېمە قىلساق قىلىپ، ئاتا-ئانىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى ئىش ھەققىمىزگە چېتىلدۇرۇلغان.

بەلكىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش چارىسى»دا «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەرسكە تۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن تۇرسا، بۇ قانداق گەپ، دەپ ھەيران قېلىشىڭلار مۇمكىن. بۇيەردىكى رەھبەرلىرىمىز سىلەر ئويلىغاندەك ئانچە «ئەخمەق» ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «بىز ئوقۇغۇچى تولۇقلاپ بەرسەك، ئوقۇتقۇچىلار نېمىش قىلىدۇ، بۇ بالا ئوقۇتۇپ ئىش ھەققى ئالىدىغانلار ئۆزلىرى يىغىپ ئەكەلسۇن» دېيىشنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## سىلەرگىمۇ كىتاب سېتىش ۋەزىپىسى ئېغىر كېلەمدۇ؟

بۇ ئىش بىزگە بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. جاپاكەش، نامرات دېھقان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن دەرسلىك كىتابلارنىڭ باھاسى بەك قىممەت. ئۇلارنى يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ ئارانلا مەكتەپكە ئەكەلگەن ۋاقتىمىزدا كىتاب ئېلىشقا زورلىغىلى بولامدۇ دەمسىز؛ ئوقۇغۇچى كەلمىسە مۇدىرىمىز كايىيدۇ، كىتاب سېتىلمىسا كاسىر كايىيدۇ. مەكتەپكە %80 ئوقۇغۇچى كەلسە %90 كىتاب زاكاز قىلىش بۇيەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. مەيلى سېتىپ تۈگىتىڭ-تۈگەتمەڭ زاكاز قىلىنغان كىتابلارنىڭ پۇلى سىزنىڭ زىممىڭىزگە يۈكلەنگەن. ھېسابلىشىدىغان ئىش ھەققىڭىز ئەشۇلارنىڭ قولىدا.

ھەممىمىز ئۆزىمىز بېرىدىغان دەرسكە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ماختاپ، يېلىنىپ يالۋۇرۇپ، ۋاقتى كەلسە مەجبۇرلاپ، قورقۇتۇپ يۈرۈپ يېرىمىنى ساتالىساق چوڭ گەپ. ئەشۇ يېرىمىمۇ تېخى نېسى قالغانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دەرسلىك كىتابلارغا ئەگىشىپ كەپقالغان قوشۇمچە كىتابلارنى مەۋسۇم ئوتتۇرىسىدا بىكارغا بېرىۋەتمىسەك ئۈستىلىمىزنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

رەھبەرلىرىمىز دائىم تەكرارلايدىغان «دەرسلىك ماتېرىيالسىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن پىكىرنى رەت قىلالمىساقمۇ، ئەمما يېڭى ساقلانغان، ئالدىنقى يىللىق ئوقۇغۇچىلار پايدىلىنىپ بولغان دەرسلىك كىتابلارنى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكرار ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى، ئالدىنقى يىلى سېتىلىپ بولمىغان دەرسلىك كىتابلارنى بۇ يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما...

«ئوقۇتقۇچىلىق — شەرەپلىك خىزمەت» دېگەن شوئار ئېسىمىزگە سىڭىپ كەتكەن. شۇنداق شەرەپلىك خىزمەت بىزگە نېسىپ بولغىنى ئۈچۈن، ھەر مەۋسۇمدە ئىش ھەققىمىزدىن ئاز دېگەندە 200 — 300 يۈەن پۇل تۆلەش بىزگە «ئېغىر» كەلسە قانداق بولغىنى؟!

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 7-فېۋرال سانىدىن ئېلىندى (M2)

www.uyghurkitap.com





# لۇشۈن ۋە ئايتماتوف

مامبەت تۇردى

ھەرقانداق شارائىتتا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقنى ئېنىق بايقاش مۇمكىن. باي ۋە مۇرەككەپ ئىنسان خاراكتېرى ھەم ئورتاقلىق ھەم خاسلىقتا ئىگە. ئەمما بىز بۇيەردە لۇشۈن بىلەن ئايتماتوفتىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك يازغۇچىغا ئورتاق بولغان تەپەككۇرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات سىستېمىسىنى سېلىشتۇرۇشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تېما ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدۇق.

## ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىش

ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ، ماكان، زاماننىڭ كۈچلۈك چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلىشى قىيىن. شۇڭا تولا ئادەملەر ئۆزىدىكى ئىچكى ئېنېرگىيە - يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىيالماي ياكى جارى قىلدۇرالماي زامانغا بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئەكسىچە، لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف بولسا ۋۇجۇدىدىكى بۇ چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايان قىلالىدى.

نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم ئىستىبداتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى «چۇقان» سېلىش لۇشۈن ئۈچۈن ھەرگىز ئاسانغا چۈشمىگىنىدەك، ۋەتەن ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئېرىنى تاشلاپ باشقا بىرسى بىلەن قېچىپ كەتكەن جەمىلەگە ھېسداشلىق قىلىش، «زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس» دەپ يوشۇرۇلۇپ، ئۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر قەتئىي چەكلەنگەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىدە بۇ مەسىلىنى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي، جىنايى ئىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەنقىد قىلىش ئايتماتوف ئۈچۈنمۇ ئەينى چاغدىكى ئەدەبىيات مەيدانىدا كارامەت زور باتۇرلۇق ئىدى.

ئۇ، دىن بىلەن پەننىڭ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىقىلىپ، ھەرئىككىلا تەرەپنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنى قىيامەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «خۇدانىڭ يېڭى تۇرى» نى ئىزدىگەن خرىستىئان - ئابدىينى كۆتۈرۈپ چىقتى. «خۇدانىڭ يېڭى تۇرى» نى ئىزدەش - دىنغا نىسبەتەن ئاسىيلىق - بىدئەتلىك بولسا، پەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇراپىيلىق ئىدى. ئايتماتوف بىر-بىرىگە ئوت بىلەن سۇدەك قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى چوڭ ئىدېئولوگىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھەقىقىي يورۇقلۇقنى - ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

لۇشۈن ئۆز ئەسەرلىرىدە شەرق فېئودالىزمىنىڭ ئىككى يۈزلىمە، رەزىل، ئادەمخور، بېكىنمە ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلغان بولسا، ئايتماتوف سوۋېت سوتسىيالىزمىنىڭ دوگما، ئىنسان تەبىئىيىتىنى بوغۇدىغان ئىستىبدات ماھىيىتىنى دادىل ئېچىپ تاشلىدى.

لۇشۈن ئاممىباپ خەنزۇ تىلىنى يازما ئەدەبىياتقا ئۆزلەشتۈرگەن بولسا، ئايتماتوف رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنى بىر-بىرىگە يۇغۇرۇپ، سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسلۇبىنى يېڭىلىدى ۋە ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغا سىڭدۈردى.

لۇشۈن ئادەم دوختۇرلۇقىدىن ئەدەبىياتقا ئۆتسە، ئايتماتوف مال دوختۇرلۇقتىن ئەدەبىياتقا ئۆتتى.

لۇشۈن «سەۋدايى خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تېببىي ئىلمىنىڭ دەلىللەش ئۇسۇللىرىنى ئەدەبىياتقا تەدبىقلاپ ئىنسان خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسىنى ئېچىپ بەرسە، ئايتماتوف ئۆز ئەسەرلىرىدە سىمۋوللاشقان ھايۋانلار ئوبرازىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈردى.

يۇقىرىقىلار لۇشۈن بىلەن ئايتماتوفنىڭ كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئورتاقلىقلىرى بولسىمۇ، مۇھىمى ئۇلاردا يەنە بىر ماھىيەتلىك

ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ چىن ئىنسانغا خاس خىسلەتتۇر. گەرچە لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف ياشاپ تۇرغان جەمئىيەت بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر يازغۇچىدىن ئۆز ئىرادىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى قوپاللىق بىلەن ئەسكەرتىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئىككى گىگانت زامان زەخمەتلىرىگە چىداملىقلىقى، مول تارىخىي تەجرىبىسى، تەڭداشسىز تالانتى، مۇكەممەل بىلىمى، رومانتىكىغا باي ھېسسىياتى، ئۆسمۈرلەرنىڭكىدەك ساددا ئۈمىدى، بوۋايلاردەك ھەممىگە مېھرىبانلىقى، يىگىتلەردەك ئوت يۈرەكلىكلىكى بىلەن ھاياتقا مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ئۆز دەۋرلىرىدىكى زىددىيەتنىڭ مەركىزىدىكى پىدائىيلىقى، ئەلنىڭ ئازابىنى ئۆز بېشىغا سالغان روھىيەت پىداكارلىقى، شۇنداقلا ئۆز زامانىغا نىسبەتەن ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى چۈشەنمەسلىكىدەك تراگېدىيىلىك قىسمىتى بىلەن ئۆز-ئۆزىدىن ۋە ئۆز دەۋرىدىن ھالقىدى.

## يېڭى يول ئىزدەش

لۇشۈن: «ھاياتتىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش ئويغانغاندىمۇ ماڭىدىغان يولنىڭ بولماسلىقى» دېسە، ئايتماتوف «قىيامەت» رومانىدا ئېيسا پەيغەمبەرنىڭ 20-ئەسىردىكى سىماسى بولغان ئابدىي ئوبرازى توغرىلىق سورالغان سوئالغا: «خۇداغا ئەمەس، ئادەمگە يول تېپىشنى كۆزلىدىم» دېگەنىدى. ئايتماتوفنىڭ قارىشىچە، ھازىر «كىشىلەرگە جەننەتتىمۇ، دوزاختىمۇ ياشمايۋاتقانلىقىنى تونۇتۇش زۆرۈر» ئىدى.

قاتمۇقات سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت گىرەلىشىپ چېكىگە يەتكەن، ۋەتەن، مىللەت مۇنقەرز بولۇپ، جوڭخوا مىللەتلىرى ئەڭ خەتەرلىك ھالدا قالغان ھايات-مامات بوسۇغىسىدا جوڭگولۇقلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى چىقىش يولى تېپىش ئىدى.

مانا بۈگۈن تۈرلۈك سىياسىي مەقسەتلەر تۈپەيلى دۇنيا خەرىتىسى ئالا-بېشىل رەڭلەر بىلەن بويالدى. ھاياتلىق ئۆز نىشانىدىن ئازغاشتى، ئەقىدە بۇرمىلاندى، ئېتىقاد سۇسلاشتى. دېمەك، ئادەملەر ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىش ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ زۆرۈر ئىدى. بۇ زۆرۈرىيەتنى تونۇپ يەتكەن لۇشۈن ئادەم ئادەمنى مەنىۋى جەھەتتىن يەپ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان رەزىل ئىجتىمائىي مۇھىتنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاش ئارقىلىق، جوڭگو بارىدىغان نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، ئايتماتوف ئالەم ئۇچقۇچىلىرى، ماڭقۇرت، ئابدىي، بوستان، ئاقبارا بۆرە، بازارباي قاتارلىق ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەر ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلىۋاتقان قىيامەتنىڭ نەق شۇ ئادەملەرنى مەنىۋى جەھەتتىن گۇمران قىلىپ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىدىن مەھرۇم بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنسانىيەت ھەرقاچان، ھەرزامان ئىلگىرى ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان يېڭى تارىخىي مۇساپىلەرنى بىر-بىرلەپ بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ مۇساپىلەر ئۈچۈن ئالغان قەدەملىرىدە يېڭى تاللاش-بۇرۇلۇشقا دۇچ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز تەجرىبىلىرى ۋە يېڭىچە تەۋەككۇلچىلىكى بىلەن يېڭىپ، يېڭى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدۇ. مىكرو جەھەتتىن ئالغاندا، ھەربىر مىللەت، ھەربىر ئادەم ئوخشاشلا ئۆز تەقدىرىنى تاللاش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. ھەقىقىي يازغۇچى مەڭگۈلۈك بولغان يېڭى يول ئىزدەشنىڭ بۇ مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ، ھەرۋاقىت ئىنسانلارغا يول ئىزدەش ئارقىلىق ئۆزىگە، ئۆز ئىجادىيىتىگە يول تاپىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئادەمدەك ھايات كەچۈرۈشكە، باراۋەرلىككە، يېڭى مەدەنىيەتكە تەشنا بولغان خەلقنىڭ نىداسى لۇشۈننى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسا، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئېغىر كرىزىسقا ئۇچرىشى، دۇنيا ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك مەنىۋى نامراتلىقنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنى بۇلغىشى، زەئىپلەشتۈرۈشى، كىشىلەرنىڭ سىياسىي لاگېر، ئىجتىمائىي قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈشى، بۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھەم ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا سالغان ۋەيرانچىلىقلىرى ئايتماتوفنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئېنىقكى، ھەربىر مىللەت ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ قەدىمىدە تۇرغاندا ئۆزىنىڭ پىداكار ئوغلانلىرىغا موھتاج بولىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف ئىككى مىللەت، ئىككى دەۋر ئىككى قېتىملىق زور تاللاشتا مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەدەبىيات ئاۋانگارتلىرى. لېكىن ئۇلارنىڭ دەۋر تارىخىدىكى رولى ئەدەبىياتتىن ھالقىپ كەتتى.

## AQبىلەن ماڭقۇرتنى بايقاش

ئەگەر بىز ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ چەكلىمىلىكىنى كۆپ قاتلاملىق دەپ قارىساق، ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمى AQلۇق، يۇقىرى قاتلىمى ماڭقۇرتلۇقتۇر.

ئىنسان بالىسىدىكى ئىككى خىل ئەڭ ماھىيەتلىك ئېپلاس خاراكتېرنى بايقاش ۋە ئۇنى تېپىكلەشتۈرۈپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش لۇشۈن بىلەن ئايتماتوفنىڭ دۇنياۋى ئورتاقلىقى.

لۇشۈن AQنى جوڭگولۇقلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق روھىي غالىبىيەتچىلىك تارىخىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تېپىكلەشتۈرگەن. كېيىن بۇ بايقاشنىڭ دۇنياۋى بايقاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. روھىي غالىبىيەتچىلىك ئىنساننىڭ تەبىئىي ئاجىزلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى يېڭىش بىلەن ئۇنىڭدىن يېڭىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئىنسان روھىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتلەردىن بوپكەلگەن. بۇ كۆرەشتە ئادەملەر مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى ئاز تېتىمىدى.

ماڭقۇرتلۇق بۇ ئىككى چوڭ تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن خاراكتېر. بۇ جەرياندا

ماڭقۇرتلۇق ئىككى قاتلامغا ئىگە بولدى، بىرى، مەجبۇرىي ماڭقۇرتلۇق، يەنە بىرى ئىختىيارىي ماڭقۇرتلۇق. بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن ئازراق ھېكايە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدا جۇرجان تاجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا بېسىپ كىرىپ يەرلىك خەلقلەر بىلەن قانلىق ئۇرۇش باشلايدۇ. دۆنۆنباي ئىسىملىك بىر باتۇر يىگىت ئۇرۇشتا جۇرجانلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. جۇرجانلار دۆنۆنباينى ئۆلتۈرمەستىن، ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك قۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چېچىنى پاكىز قىردۇرۇپ، تۆگىنىڭ تاقىر تېرىسىنى ئىسسىق پېتى بېشىغا قاپلاپ، قول-پۇتىنى باغلاپ چۆلگە تاشلىۋېتىدۇ. ھەركۈنى ئۇنىڭغا ئازىراقتىن سۇ، يېمەكلىك بېرىدۇ. قىزىق ئاپتاپتا تۆگە تېرىسى قورۇلۇپ، دۆنۆنباينىڭ بېشىنى قىسىدۇ. چېچى ئۆسۈپ تۆگە تېرىسىنى تېشىپ چىقالماي ئۇچى قايرىلىپ باشقا سانجىلىدۇ. مېڭە-سەزگۈ كېرەكتىن چىقىدۇ. مۇشۇ جازادىن دۆنۆنباي ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئىسمىنى، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-ئەۋلادىنى، تارىخىنى، ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇيدۇ. پەقەتلا جۇرجان سەركەردىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزغىلى كەلگەن ئانىسىنى تونۇمايدۇ، جۇرجانلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆز ئانىسىغا قارىتىپ يادىن ئوق ئۈزىدۇ. ئانا مەجبۇرىي ماڭقۇرت بوپقالغان بالىسىنىڭ قولىدا قەتل قىلىنىدۇ. جۇرجانلار ئەسىرگە چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا باتۇرلىرىنى يۇقىرىقىدەك جازا بىلەن باشقا بىر مەھكۇملۇققا - ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغان ماڭقۇرتلارغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ھېكايە ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا زىكرى قىلىنىدۇ. لېكىن ھېكايە بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقىنى يوق. زامان تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە يەتكەندە، ئېلېكترون دەۋرى يەنە بىر مەھكۇملۇقنى - ئىختىيارىي ماڭقۇرتلارنى ئاپىرىدە قىلدى. بۇ دەۋردە ئادەملەر ئۆز-ئۆزىدىن ياتلىشىپ، ئادىمىيلىك، ھەق-ئادالەت تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھوقۇق، ھۇزۇر-ھالاۋەت، راھەت - مەئىشەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكى، ياشاش نىشانى، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخى، نەسلى-نەسەبىنى تامامەن ئۇنتۇپ، ئۆزى خالاپ ماڭقۇرتلۇققا قول بېرىشكە باشلىدى.

ئۆزى خالاپ ماڭقۇرت بولۇش - بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور بەختسىزلىكى ۋە تراگېدىيىسى. ماڭقۇرتلۇق مەجبۇرىيلىكتىن ئىختىيارىيلىققا تەرەققىي قىلغان ئۇزۇن تارىخي جەرياندا كىشىلەر تالاي-تالاي ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى ۋە تۆلىمەكتە. بولۇپمۇ شەرق ئەنئەنىسى بىلەن غەرب پەن-تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بۇ پاجىئە ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىمەكتە.

لۇشۈن ياشىغان دەۋر ئادەملەرگە ئېغىر نامراتلىق، سەرسانلىق - سەرگەردانلىقنى ۋە زەئىپانە مىجەزنى ئاتا قىلغان بولسا، ئايتماتوف ياشىغان دەۋر كىشىلەرگە ئاڭلىق تۈردىكى ماڭقۇرتلۇقنى تاڭدى.

لۇشۈن زامانىدا ئادەملەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قۇللۇق خاراكتېر ۋە روھىي غالىبىيەتچىلىكنى يېتىشتۈرۈپ، ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى يوقىتىپ، گاڭگىراش ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەن بولسا، ئايتماتوف دەۋرىگە كەلگەندە ئادەملەر AQلۇق ئۆسمىسىنى ماڭقۇرتلۇق راكىغا تەرەققىي قىلدۇردى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى مېخانىكىلاشتى، يۈرۈش - تۇرۇش، ئادىمىي ھېسسىيات گەپ-سۆز، ئىش-ئەمەل ئۆلچەملەشتى. ئىنسانلاردىكى ئەسلى خاراكتېر، ئاڭلىقلىق، مۇستەقىللىق، ئىجادىيلىق ئىنكار قىلىندى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەك، ئادەم مەلۇم قاراش، مەلۇم مەقسەت - مۇددىئانىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ماڭقۇرتلۇق خۇددى ۋابادەك تاراپ، جەمئىيەت خاراكتېرلىك مەنىۋى ئاپەتكە ئايلاندى.

AQ بىلەن ماڭقۇرتتا ئاتا-بالىلىقتەك بىرخىل ئىچكى باغلىنىش بار. AQ ئۆزىنى ئادەم، ئېسىلزادىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلاش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى قانچە ئۈستۈن تۇتقانسېرى شۇنچە پەس ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان پېرسوناژ بولسا، ئۇنىڭ «بالىسى» ماڭقۇرت ئۆز زامانىغا ماس ھالدا ئۆزىنىڭ كىملىكى، تېگى-زاتى - ئەجدادىنى، تارىخىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتكەن ئازغۇن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلىدىكى، AQ لۇق چوقۇم ماڭقۇرتلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. AQنىڭ ساددا نادانلىقى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئانىسىغا قول سېلىشتىن يانمايدىغان ماڭقۇرتلۇققا ئۆزگەردى. «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن مانا شۇ.

دۇنياۋى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن AQ بىلەن ماڭقۇرت مۇنداق ئورتاقلىققا ئىگىكى، ئۇلار بايلىق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان خەسىس ئەمەس، ھەممە ئادەمگە يامانلىق قىلىشنىلا ئويلايدىغان زەھەرخەندىلەردىنمۇ ئەمەس، ئوغرى، قاراقچى، ئالدامچى، قانخورمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى قۇرۇق، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسى - قىممىتىنى بىلمەيدۇ، بىلىشنى خالىمايدۇ. ماڭقۇرتقا سېلىشتۇرغاندا AQ تېخى بىرقەدەر ئىلغار. ئۇ ناھايىتى ئەخمەقلەرچە ئۇسۇل بىلەن بولسىمۇ ئۆز خاسلىقىنى، ئۆز ئېتىقادىنى نامايان قىلىدۇ. ماڭقۇرت ئۇنداق ئەمەس: ئېسىل كىيىنگەن، شەھەردە مۇھىم خىزمەت قىلىدۇ، گېزىت ئوقۇيدۇ، يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەيدۇ، زامانىۋى تۇرمۇش، دۆلەت پىلانى توغرىسىدا لاپ ئۇرىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىدە ۋە باشقىلاردا ئىنسانىي ھېسسىيات، غايە، رومانتىكا، خاسلىق بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ماڭقۇرت بىلەن ماشىنا ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بولمايدۇ. لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف بۇ ئىككى ئوبرازنى يارىتىشتا، ئۇلارنىڭ ئاشكارا

كۆزگە چېلىقىدىغان سەلبىي تەرەپلىرىنى ئەمەس، روھىي دۇنياسىدىكى ئاجىزلىقلارنى بەدىئىي دىت بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ تىپلار بالزاك ئەسەرلىرىدىكى خەسىسكە، شېكسپىر درامىسىدىكى ئاچكۆز سودىگەرگە ئوخشىمايدۇيۇ، بىر-بىرىگە خۇددى قوشكېزەكتەك كىندىكلىرى تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

AQ بىلەن ماڭقۇرتلۇقنىڭ ئىنسانىيەتكە سالغان زىيانلىرى، ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋە نەتىجىسى توغرىسىدا نەچچە توملۇق كىتاب يېزىش مۇمكىن. بۇ بىر دۇنياۋى تەتقىقات تېمىسى، شۇنداقلا ناھايىتى كونكرېت رېئال تېما. ئېيتايلۇق، كالتە قوشۇقنىڭ سىپى تەگكەنچىلىك ھوقۇقى بارلار ھەرقاچان گېزىت تىلىدا ۋەز-نەسىھەت ئېيتىدۇ، ئۆز ئىچىدىن قايناپ چىققان بىر-ئىككى ئېغىز سۆزى يوق. قانداقتۇر فورمىلالاشقان، قېلىپلاشقان، تەكرارلانغان لاۋزا سۆز-جۈملىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىسىز.

يەنە بىرى، مىللىي مەدەنىيەتلەر ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، بۇرۇنقى ئېسىل ئادەتلەر، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئادەملەر تېڭىرقىغان، گاڭگىرىغان ھالدا ئېلېكترون دەۋرىگە كىرىپ كەلدى. ماددىي تەرەققىياتقا مەستخۇش بولۇش، مىللىي ئىنكارچىلىقنىڭ كۈچىيىشى، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەستلىكنىڭ توسالغۇسىز يامرىشى روھىي مەجرۇھلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇخىل مەجرۇھلۇق ماڭقۇرتلۇقنىڭ مىكروبىغا ئايلاندى.

## ئىنسانىيەتنىڭ روھىي داۋالاش

بىركۈنى چىڭغىز ئايتماتوف بىر ئاتاقلىق ۋراچقا قىرغىز ئارچىلىرىدىن شىپالىق دورا ياساش مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. مۇشۇ تەكلىپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھېلىقى ۋراچ ئۇزۇن يىللار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئارچىدىن ھەقىقەتەن شىپالىق دورا ياساپ چىقىپ، ئۇ دورىغا «ئايتماتوف» دەپ نام قويغان. ۋراچنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ روھىي جاراھەتلىرىنى داۋالايدىغان دورىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن. شۇڭا ئارچىدىن ياسالغان دورىغا «ئايتماتوف» دەپ ئىسىم قويۇش چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىكەن.

چىڭغىز ئايتماتوف توغرىدىن توغرا «مەن ئىنسانلار مەنىۋى كېسەللىكنىڭ دورىسىمەن» دەپ ئېيتمىغىنى بىلەن، ئىنسان روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئەسلى ماھىيىتى ۋە تەبىئىي ھالىتىگە قايتۇرۇش جەھەتتە ئىنچىكە ئىزدەنمەكتە.

لۇشۈن بولسا، «جۇڭگولۇقلارنى روھىي جەھەتتىن داۋالاش» ئىدىيىسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەلدە ئۆگىنىۋاتقان دوختۇرلۇق كەسپىنى تاشلاپ، ئادەمنى روھىي جەھەتتىن داۋالايدىغان «دوختۇرلۇق»- يازغۇچىلىقنى تاللىۋالغان.

لۇشۈننىڭ ئوچۇق-ئاشكارا مەيدانغا چىقىشى بىلەن ئايتماتوفنىڭ ئۈن-تىنسىز مېھنەت قىلىشى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق مەۋجۇد ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە نەزەر سالساق، پەقەتلا يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتتە ئادەملەرگە مەنىۋى دورا زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئادەملەر ماددىي پاراۋانلىق، راھەت-مەئىشەتتىن سەمىرىپ، تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكلەرگە تويۇنۇپ، فىزىئولوگىيىلىك زۆرۈرىيەتلەردىن قانائەت ھاسىل قىلغان «باياشات» زاماندىمۇ مەنىۋى دورىغا، روھىي ساغلاملىققا تەشنا بولىدىكەن.

ئىنسانلاردىكى مەنىۋى كېسەللىك - روھىي كرىزىسنى لۇشۈن ئۆتكۈر قەلەم بىلەن قامچىلاش ئارقىلىق داۋالاشقا ئۇرۇندى. چۈنكى ئۇ دەۋردە ئىجتىمائىي گاسلىق ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، قاتتىق چوقانغا موھتاج ئىدى. ئايتماتوف بولسا، ھەممە نەرسىگە قايتىدىن باھا بېرىش، تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراش، يېڭىچە تەپەككۇر ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇش جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى.

بۈگۈنكى تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىكى مەنىسىز ئۇچۇرلار، شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرىنى ئىجتىمائىي گاسلىقنى قايتىدىن پەيدا قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر قاتتىق بىر چوقانغا، شىددەتلىك سىلكىنىشكە موھتاج بولدى. شۇنداقلا يېڭىچە تەپەككۇر قاتلاملىرىنى ئېچىش، ئۆزلۈكتىن ياتلىشىۋاتقان ئىنسانىيەت ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش، روھىيەت بىناكارلىقى، روھىي ساغلاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. مانا مۇشۇ يەردە لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف روھى تەبىئىي بىرلىشىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىچۇ؟ بۇ سوئالغا ھازىرغىچە ھەركىم ھەرخىل جاۋاب بېرىپ كەلمەكتە. لۇشۈن بىلەن ئايتماتوف ئۆز ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ سوئالغا جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ جاۋابى: ئۆز دەۋرىگە مەسئۇل بولۇش، ھېساب بېرىش ۋە ئىنسان روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش.


بىز يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق پەقەت مۇنداق بىر تەجرىبىنى سىناپ بېقىش تەكلىپىنى بەرمەكچى: شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆتۈرۈلگەن ئىككى ئۇلۇغ روھىي يىپەك يولى بويىدا تەبىئىي بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتى بارمۇ- يوق؟

1996-يىل، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: قىرغىز، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى(M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىياتنىڭ نۇرى ۋە سايىسى

ئابدۇرېھىم ئابلەت

بۇنىڭدىن 120يىل مۇقەددەم جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شياۋشىڭ شەھرىدە جۇشۇرېن ئىسىملىك بىر بالا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن يىللاردا چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقى كۈچەيگەن، چىرىك مانجۇ خانلىقىنىڭ دۆلەت ئىچىدە خەلقنى باستۇرۇش، ئەجنەبىيلەرگە قارىتا خۇشامەت قىلىشتەك پاسسىپ ھاكىمىيەتچىلىكىدىن ۋەتەن مۇنقەرزلىككە،مىللەت قۇللۇققا يۈزلەنگەنىدى.ئۇ، مۇشۇنداق دەۋر شارائىتى ۋە 1900-يىلدىكى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ دېڭىزدىن جۇڭگوغا بېسىپ كىرىشىدەك بىر قاتار تاجاۋۇزلۇقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، جۇڭگونى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، نەنجىڭ دېڭىزچىلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ، ئوقۇش جەريانىدا دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇش ئۈچۈن ساغلام كىشىلەرنىڭ لازىملىقى، لېكىن شۇ دەۋردە ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» دەپ ئاتالغان جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ ئۆلچەمگە توشمايدىغانلىقىنى تونۇپ، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، مىللەتنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ياپونىيىنىڭ شەنتەي تېببىي تېخنىكومىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇشىنىڭ 2-يىلى مەكتەپتە ئىقىم مەسىلىلىرىگە ئائىت بىر كىنو قويۇلىدۇ. فىلىمدە ياپونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بىر جۇڭگولۇقنىڭ ياپون ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنغاندا، شۇ مەيداندىكى ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ تاماشا كۆرۈۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرسىز - بىپەرۋا كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ نومۇسسىزلىقنى كۆرگەن جۇشۇرېن ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلىدۇ ۋە شۇ مەيداندىلا، بۇنداق شارائىتتا دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىش ئەمەسلىكىنى، مەزلۇم مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى روھىي جەھەتتىن ئويغىتىش - داۋالاشنىڭ بارلىق ئىسلاھاتنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىنى داۋالايدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان ئۆتكۈر قورال» ئىكەنلىكىنى تونۇپ، دوختۇرلۇقتىن ۋاز كېچىپ ۋەتەنگە قايتىپ، ئەدەبىياتنى كەسىپ قىلىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارى لۇشۈن ئەپەندى ئىدى.

شۇنداق، ئەدەبىيات ئىنسانىيەت تارىخىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى تەۋەللۇت ئەيلىدى.300يىللىق ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشى ئوتتۇرا ئەسىر خارابىلىقىدا گۈللەنگەن سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەدەبىيات ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى كىشەنلەرگە ئوت ئېچىپ ئىنسانلارنى قۇللۇققا، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشكە چاقىرىپ كەلدى. ئىرقىي كەمسىتىش تۈزۈمى قامچىلانغان رومان« تام تاغىنىڭ كەپىسى» ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش - ئامېرىكىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

ئەدەبىيات ئېغىر مەغلۇبىيەت،ئۈمىدسىزلىك گىردابىدا سەكرات ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان ئىنسانغا قايتىدىن ھاياتىي كۈچ،ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلالايدۇ. ئەدەبىيات جاللات قىلىچىغا مەردانىلارچە يۈزلەنگەن قەھرىماننىڭ ئاخىرقى ئارمانلىرىنى تولغاق ئازابىدىكى ئانىنىڭ چۈشلىرىدە قايتىدىن نامايان قىلالايدۇ. توغرا، ئەدەبىيات ئاتوم - يادرو بومبىلىرىنى ياسىيالمايدۇ، بىراق ئۇلارنى ياساشقا ياكى يوقىتىشقا باشلىيالايدۇ. ئەدەبىيات دەرھال ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇ ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىپ ئېچىرقىغان، ئۆلگەن قەلبلەرنى ئىشغال قىلالايدۇ - ئويغىتالايدۇ. شۇڭلاشقا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرىمىز ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە» سىدە:«مەن چېرىك تارتماي جۇڭگودىن خوراسانغىچە بولغان تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى ئۆز پەرمانىمغا كىرگۈزدۈم» دېسە، بالزاك:«ناپالېئون قورال

بىلەن باشقا ئاچقالمىغان ئىشلارنى مەن قەلەم بىلەن ئورۇندايمەن» دېيەلىگەن. دېمەك، يازغۇچى ـ شائىر ئۆز قەلبىنىڭ قات-قېتىدا قەھرلىك ھەم مۇلايىم ھېسسىياتنى، ھەققەت،مۇھەببەت،شان-شەرەپ ۋە ئىپتىخارنى،پىداكارلىقنى، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە دەھشەتلىك نەپرەت ۋە قىساسنى ھەر ۋاقىت ساقلاش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن شۇنداق مەقسەتكە يەتسۇنكى ـ كىشىلەر ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئۇلارغا بەختسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەتلىرىدىكى يۈكسەك سەلتەنەتنى ھېس قىلدۇرسۇن. ئۇلاردا شەرەپ دەپ بىلىسمۇ ئېرىشەلمەيۋاتقان باتۇرلۇق، مۇستەھكەم ئېتىقاد، ھېسداشلىق، ئۈمىد ۋە پىداكارلىق روھىنى قوزغاپ،جىدام-بەردەم بىلەن جاسارەت ۋە ھىممەتنى ئاشۇرۇشقا چاقىرسۇن. مىللەتنىڭ مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى قوزغاتقۇچ كۈچ بولسۇن، ئۇ، شۇنداق ئەسەرلەرنى ياراتسۇنكى، بىزنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىمىزدەك «تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ، سەككىز تەرەپ تىغ تەگلىسە، ئېلىشىپ قانغا بويال، نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىن» دېيەلەيدىغان قىممەتلىك جاسارەت ئۇنىڭ مىسرالىرىدىن چاچراپ تۇرسۇن.شۇنداقلا مەمتىلى تەۋپىقىمىزدەك:«ئويغان مىللەت، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر، مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن نۇرتولدۇر،پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات،شۇم تەقدىردىن ـقارا كۈندىن بول ئازاد» دېيەلەيدىغان ئۆزىنىڭ شانلىق چاقىرىق كۈچىنى ئەسىرلەر بويى ئەبەدىي يوقىتىپ قويمايدىغان ھېكمەتلىك جۈمللەرنى ياراتسۇن.

ناپالېئون ئىتالىيە يۇرۇشىدە ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:«مەن ئالپ تېغىدىنمۇ يۈكسەك تۇرىمەن» دېگەنىكەن. بۇ نېمىدېگەن ئەزىمەتلىك. مانا بۇ ھەققىي مەغرۇرانە روھ.لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىسۇنكى، ئۇنى ياراتقان فرانسىيە ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى جەڭگىۋار ئارمىيە بولمىسا، ئىتتىپاقداش قوشۇن ئۇنىڭ كۆتىنگە تېپىپ فرانسىيىگە قوغلىۋەتكەن بولاتتى. فرانسىيىلىكلەر ھازىرغىچە ئۇنتۇمايدۇكى، ناۋادا ناپالېئون بولمىغان بولسا، فرانسىيە ئىتتىپاقداش قوشۇنغا ھەتتا جەڭمۇ ئېلان قىلالمىغان بولاتتى. دېمەك، تالانت ۋە ئىقتىدار ئىگىسى بىلەن ئەشۇ تالانتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن خەلق بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. تالانت ئىگىسىنى قەدىرلەيدىغان خەلق بولمىسا،ئۇ ئۆز قابىلىيىتىنى نامايىش قىلالمايدۇ ھەم شۇنداقلا تالانت ئىگىسى دۇنياغا كەلمىسە، بۇ خەلقنىڭ ئۇيقىسى بۇخاراغا كېتىدۇ. يازغۇچىنىڭ كىم ۋە نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قات-قېتىدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. قانداقلىكى ئەسەرنى ئوقۇماڭ، ئۇ ئاپتور قەلبىنىڭ سىقىپ چىقارغان جەۋھىرىدۇر.ئۇنى ئوقۇغاندا مەزكۇر يازغۇچى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ سۆزلەشكەندىنمۇ ئارتۇق ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يەنى ئاپتورنىڭ سىزنى جەلپ قىلغۇدەك ئىدىيىسى،ئىپادىلىگۈدەك ئېنىق بىر كۆز قارىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كىشىگە مۇجمەل، ئېنىقسىز تەسىرات بېرىدۇ. شوپېنخائۇئېر بۇخىلدىكى يازغۇچىلارنى: ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ، ھەرخىل شەكىللەرگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى تۇتۇق،ئۇلار گۇڭگالىقنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا ئۆز بېشىدىن ئۆتمىگەن كەچۈرمىشلەرنى يەنى ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەرنى چاندۇرماي يېزىپ چىقىدۇ. بۇلار ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ كەم بولۇشىدىكى سەۋەبلەر، دەپ سۈپەتلەپ،تۇتۇق،مۇجمەل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ %99تى ئىدىيىنىڭ مۇجمەللىكىدىن كېلىدۇ.دەپ كۆرسىتىدۇ. ئېنىق بىر دۇنيا قاراشقا ياكى تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ئادەم ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئېنىق، بىۋاستە شەكىلدە ئىپادىلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇزۇندىن ئۇزۇن مەنىسىزلىكلەردىن خالىي بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ. بىر ياخشى ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، دادىللىقى، مول تەسەۋۋۇر كۈچى قاتارلىقلار ئاپتورنىڭ ئەسلى ئۆزىدە،ھەرىكىتىدە،تۇرمۇشىدا مەۋجۇد بولىدۇ، بۇلارغا ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ.يەنى بۇ ئالاھىدىلىك بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا يوشۇرۇنغان بولسا،مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنى ئويغۇتالايمىز. ئەگەر ۋۇجۇدىمىز قۇپقۇرۇق بولسا، بىز بىر ھۇزۇرلانغۇچى، بىر ئەگەشكۈچى، خالاس. يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى ئەتراپىدىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسىدە ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ ئىنكاس ئۇنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ساپلىق دەرىجىسىگە قاراپ يا ئۇنداق،يا مۇنداق بولىدۇ. نىكولاي ئوستروۋسكىي بىلەن بورىس پاستېرناك ئوخشاش بىر ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلار ياراتقان «پولات قانداق تاۋلاندى» بىلەن«دوختۇر ژىۋاگو» دىكى تۈپتىن زىتلىق ۋە ئىككى خىل ئىدىيە دەل مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. يەنى پاستېرناك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى ۋە بەربات قىلدى» دەپ ئاھ ئۇرسا، ئوستروۋسكىي:«ئىنسانىيەت تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىپ،يېپيېڭى بەختىيار دەۋرگە قەدەم قويدى» دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

مىسىر «ئەدەبىيات ئۇچۇرى»نىڭ 1995-يىلىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، مىسىر جەمئىيىتىدىكى ساقچىلارغا ۋە داۋالغۇۋاتقان دۆلەت ئىناۋىتىگە قارىتىلغان تېررورلۇق سۈيىقەستلەر زىيالىيلار ساھەسىدىكى غەربنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلغۇچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى» دەپ سۈپەتلەنگەن زاتلارغىچە كېڭەيگەن.بۇنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ «مىسىر پروزىچىلىقىنىڭ ئاتىسى» ،1988-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەجىب مەھفۇز سۈيىقەستكە ئۇچرىغان. بىراق ئۇ ئامان قالغان. شۇ سەۋەبتىن مىسىر زىيالىيلار بىرلەشمىسى 1994-يىلى 27-ئۆكتەبىردە رەسمىي قۇرۇلۇپ كوللېكتىپ كۈچ ئارقىلىق،ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ۋە دىنىنى قوغداش نامىدىكى رادىكال تەشكىلاتلارغا قارشى تۇرۇپ ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى قوغداشقا بەل باغلىدى، دېيىلگەن. بۇنداق ۋەقەلەر ئالجىرىيە قاتارلىق ئىسلام مەدەنىيىتى قويۇقراق بولغان بىر قانچە مەملىكەتلەردىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.ئالجىرىيىدىكى بىر ئۆكتىنچى تەشكىلات «قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نام چىقىرىش ۋە غايەت زور مىقداردىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئىگە بولۇش،فرانسىيە ئاھالىسىدىن سىرت فرانسۇز تىلى قوللىنىدىغان دۆلەتلەردىكى ئاھالىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش» قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئانا تىلىدا ئەمەس بەلكى فرانسۇز تىلىدا يېزىقچىلىق

www.uyghurkitap.com

قىلدىغان «ئالجىرىيە مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان نەچچە ئون ئالىم، شائىر، يازغۇچىنى ئەر ياكى ئايال دېمەستىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن» .شۇنداقلا بەزى گېزىت-ژۇرناللارمۇ غەرب دۇنياسىغا يۈزلەنگەن بۇ كىشىلەرنى «ۋەتەن - مىللەتنىڭ خائىنى» دەپ ئەيىبلەپ،ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئاشكارا قوللىغان. ئۇنىڭدىن باشقا،ئەرەب ئەللىرىدىكى ئىسرائىلىيە يازغۇچىلىرى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان بىرنەچچە يازغۇچى قاتتىق ئەيىبلەنگەندىن كېيىن ئەرەب يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىن چىقىرىۋېتىلگەندە مەزكۇر يازغۇچىلار ۋە بىر قىسىم غەربنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى «بۇنداق چېكىدىن ئاشقان مۇتەئەسسىپلىك ۋە بېكىنمە قاراشلار»غا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن.ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 100يىل بۇرۇن فرانسىيە خىمىيە ئالىمى پاستېر گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، گېرمانىيىنىڭ داڭلىق بونن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي ئۇنۋان كىنىشكىسىنى قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ مۇرەسسەچى دوستلىرى ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئىلىم-پەننىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ» دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندا، پاستېر قەتئىيلىك بىلەن: «ئىلىم-پەننىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمىغان بىلەن ،ئالىملارنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. دانىيىنىڭ مەشھۇر باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى ئاندېرسىن گېرمانىيە دانىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزىنىڭ گېرمان دوستى گراف ئاۋگۇستېنبۇرگ بىلەن دوسلۇقنى ئۈزگەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىغان. ئەجەبلىنەرلىك يېرى، غەربنىڭ ئەرەب يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنى مۇتەئەسسىپلىكتە ئەيىبلىگەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۈگۈنكە قەدەر پاستېر ۋە ئاندېرسىننىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرىكىتىنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك،دەپ مەدھىيىلەپ كەلمەكتە.شۇبھىسىز كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، غەربلىكلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرۋاقىت چېخوفنىڭ «خامېلىيون» دېگەن ھېكايىسىدىكىدەك ئۆزگىرىشچانلىقتا ئىكە. بۇخىل ئۆزگىرىشچانلىق ئۇلارنى ئۆز زېمىنىدا بىرتۇپ دەرەخنىمۇ خالىغانچە كېسىشكە بولمايدىغانلىقى، بىرپارچە ئۇتلاقنىمۇ ئىسراپ قوغدايدىغانلىقى، ئادەتتىكى شەخسلەرنىڭمۇ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىدەك ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقا ئەللەرگە ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك دېموكراتىيىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خاتىمىسىدە - ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشى مۇقىملىشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ،سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆز كۈچىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە ياپونىيىدىكى ئىككى ئارالغا ئاتوم بومبىسى تاشلاپ 300مىڭدىن كۆپرەك بىگۇناھ پۇقرانىڭ ئۆلۈشى ۋە ياردار بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇشى، يۇگوسلاۋىيىدىكى، ئىراقتىكى، ئافغانىستاندىكى تەھدىتكە ئۇچرىغان مەنپەئەتى ئۈچۈن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان بىگۇناھ خەلقلەرنى بومباردىمان قىلغان قىلمىشلىرى،ئۇرۇش سەۋەبىدىن يامراۋاتقان لەكمىڭ - لەكمىڭ مۇساپىرلار قوشۇنى، ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان شەھەر، كەنت، يېزا-قىشلاقلار... بىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئەڭ تۆۋەن كالا مېجەز ئادەملىرىمىزدىمۇ گۇمان قوزغايدۇ،ئەلۋەتتە.

شەرقتە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئاتالمىش «زامانىۋىلىشىش»تەرەپدارلىرى بىلەن ئەنئەنە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇشلار يۈز بېرىۋاتقان چاغدا، 1994-يىلى ئامېرىكىنىڭ «دېپلوماتىيە»پەسىللىك ژۇرنىلىدا مۇنداق بىر ماقالە ئېلان قىلىندى: «يېقىنقى زاماندىكى ئۇرۇشلار پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەم دىنىي ئۇرۇشلار شەكلىدە ئېلىپ بېرىلدى.ئەمدى4-باسقۇچ مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا كىرىپ كەلدى... نۆۋەتتە غەرب مەدەنىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ دۈشمەن كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بىز ئامېرىكا ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۇڭزىچى دۆلەتلەر بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىگە رەڭگارەڭ شەكىللەر بىلەن مەدەنىيەت ئېكسپورتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ،ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي،ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك» دېيىلگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، غەربلىكلەر مەدەنىيەت ئاملىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە ئەمەلىي تەدبىر تۈزگەن.بىراق شەرقنىڭ كۆڭلى ياخشى، ساددا مەدەنىيەت ئەربابلىرى مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنىمۇ تونۇپ يېتەلمىگەن. ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز خەلقىگە ئۆز-ئۆزىنى تونۇتۇش ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلەرچە ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇتۇش،دەپ چۈشەنگەن.

بىزنىڭ كەلگۈسىمىز چوقۇم بۈگۈنىمىزنىڭ راۋاجى. شەرق بىلەن غەربنىڭ بۈگۈنى ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈنكى تارىخىنىڭ داۋامى، ئەلۋەتتە. دېمەك شەرق بىلەن غەرب بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن مۇساپىسىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدىن،مىلادىدىن كېيىنكى ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىغىچە ،ناپالېئوننىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى زېمىنىغا بېسىپ كىرىشىدىن، ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنام، چاۋشيەنگە بېسىپ كىرىشى ۋە ئىراقنى بومباردىمان قىلىشىغىچە بولغان تارىخىي جەريان شەرق مىللەتلىرىدە غەربلىكلەرگە قارىتا ئايىغىنى چىقىرالمايدىغان ئاداۋەتنى ساقلاپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مىلادى 5-ئەسىرلەردە ھونلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىپ، شىمالدا بالتىق دېڭىزى، جەنۇبتا دوناي دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، ياۋروپانى بوسۇپ ئۆتۈپ تاكى ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بولغان ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشى، 7-،8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىسلام بايرىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئان ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىيلىقىغا،چېركاۋ،مىسا ۋە قوڭغۇراق ئاۋازلىرى ئورنىغا ئۆزىنىڭ زەپەر بايرىقىنى قاداپ، مەسچىت سېلىپ، ھاياتى كۈچكە تولغان تەكبىر ۋە ئەزان تۇۋلاشلىرى، 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىنگىز موڭغۇللىرىنىڭ ھازىرقى رۇسىيىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ھونگرىيە،چېخ-سلوۋاكىيە،پولشالارغىچە بېسىپ كىرىشى، ئوسمان تۈركلىرىنىڭ مىڭ يىل دەۋر سۈرگەن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىشى ۋە ياۋروپانىڭ يۈرىكى، خرىستىئانلارنىڭ سىمۋوللۇق شەھىرى كونستانتىنپولنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئىستانبۇلغا ئۆزگەرتىلىشىدەك بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر غەربلىكلەرنىڭ قان-قېنىغا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى تېرىپ،ئۇلارنى شەرق مىللەتلىرىگە قارىتا «ئىنسانىيەت

مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغۇچىلار»،ئىسلام ئەللىرى مەدەنىيىتىنى «ئازراقمۇ پەلسەپە پۇرىقى بولمىغان خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە دىنىي شەرىئەتتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەس» دەپ ھاقارەتلەپ كەمسىتىدىغان قاراشقا ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ قىسمەن ئالىملىرىدىن باشقىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى غەربتە مەيدانغا كەلگەن دېيىدىغان «غەرب مەركەزچىلىك» نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلدى. «دونكىخوت»نىڭ ئاپتورى سېرۋانتېس تۈركلەرنى «تېگى پەس،ياۋايى» دەپ تىللىسا، ئە.ر.ئىناندەك ئالىملارمۇ ئۇلارنى: «مەدەنىيەتسىز،ۋەھشىي» دەپ سۈپەتلىدى.ئامېرىكىنىڭ ئىلىم-پەن تارىخى مۇتەخەسسىسى گىئورگىي ساتون «شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلىم-پەن تارىخى » دېگەن ئەسىرىدە شەرقنىڭ ئىلىم-پەن تارىخىنى ئەسلەپ:«تەجرىبە ئىلمى، ماتېماتىكا ۋە ئىلىم-پەننىڭ ئومۇمىي شەكلىنىڭ ئۇرۇقى شەرقتىن كەلگەن ...شۇڭا تەجرىبە ئىلمى غەربنىڭ نەۋرىسى بوپقالماي، بەلكى شەرقنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى» دېگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەسلىدە تەجرىبە ئىلمىنىڭ دادىسى شەرق، ئانىسى بولسا غەرب ئىدى.

ئېيتايلۇق، غەربلىكلەر تەرىپىدىن «مەدەنىيەتسىز — ياۋايىلار» سانالغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىمى ئەبۇرەيھان بىرونىي ئەشۇلار ئاسترونومىيىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاب دەپ كۆككە كۆتۈرگەن،ئۆزىدىن 500يىل كېيىن ياشىغان كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز» تەلىماتىنىلا ئەمەس، ئۆزىدىن 600يىل كېيىن ياشىغان ،يەنە شۇ غەربلىكلەر تەرىپىدىن مېخانىكىغا دەۋر بۆلگۈچ تۆھپە قوشقان دېيىلگەن گالىلېي ۋە نيۇتوننىڭ جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىنىمۇ ئۆزىنىڭ «ئەلقانۇن مەسئۇدىي»ناملىق تەبىئەت پەنلىرى قامۇسىدا ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، ھەتتا 19-ئەسىردىكى ئۈچ چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى سانالغان دارۋىننىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي شاللىنىش قانۇنىنىمۇ يەنە شۇ بىرونىي 11-ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىدى. بىراق سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچى بىلەن دۇنيا سەھنىسىدە زومىگەرلىك ئورنىغا ئۆتتۈۋالغان غەربنىڭ ئەمەلىي كۈچى شەرقتىن ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ كەتتى ۋە تەبىئىي ھالدىلا ھەرقايسى ساھەلەردە ئۇلارنىڭ مونوپوللۇقى باش كۆتۈردى. بۇخىل مونوپوللۇق سىياسىي ،ئىقتىسادىي ساھەلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي باشقا ساھەلەردىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. گوگول، پۇشكىننىڭ تەسىرىنى رۇسلارنىڭ قۇدرىتىدىن، شېكسپىرنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى ئىنگلىزلارنىڭ چەكسىز كەتكەن مۇستەملىكە رايونلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغاندەك، شەرق مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مىراسلىرى ۋە كلاسسىكلىرىنىڭ جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىدە كۆزگە كۆرۈنمەسلىكىنى ئۇلارنىڭ غەربكە بېقىنغۇچىلىق ئورنىغا چۈشۈپ 2-نومۇرلۇق مىللەتلەرگە ئايلىنىپ قالغان ھالىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئېنىقكى، شەرق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ بارماقتا. بۇخىل يوقىتىش ئىچكى ئامىللارنىڭ ماسلىشىشى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئورۇندالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە شەرقلىقلەرنىڭ ھاكىمىيەت، ھەربىي -ئاپپارات،تېخنىكا — سانائەت، پەن-مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ قايسىسىدىلا بولمىسۇن غەربنىڭ تەسىرىنى يەنى كونتروللۇقىنى ھەرۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز.غەربتىن ئىبارەت قورچاقبازنىڭ ئىدارىسىغا چۈشۈپ قالغان شەرقنىڭ قورچاقلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇد ھالىتىدىن يەنە نېمىلەرنى ھېس قىلالىدى؟ زىددىيەتلەر كۈنسېرى ئاشكارىلانماقتا ۋە كەسكىنلەشمەكتە. ھەرقانداق بىر زومىگەر دۆلەتنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى.كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدە ھەرىكەتچان ۋە ئۆزگىرىشچان قۇتۇپلارتېخىمۇ ھەرىكەتچانلىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. خرىستىئان مەدەنىيىتى،ئىسلام مەدەنىيىتى،بۇددا ۋە كۇڭزى مەدەنىيەتلىرى قورشاۋىدا تۇرغان ب د ت مۇ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى مۇقەددەس ھوقۇقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، ئېغىرلىق مەركەزلىرىنىڭ سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئېغىپ ماڭدى. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان دۇنيا ۋەزىيىتىدە بىزنىڭ شەرق ئەدەبىياتىمىز قانداق روللارنى ئوينىدى؟ ئۇ، شەرقلىقلەرگە نېمىلەرنى بېرەلىدى؟

1988-يىلى مىسىرلىق نەجىب مەھفۇز ئۆزىنىڭ«ئۈچ كوچا» ترىلوگىيىسى بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. روماندا يەتكىچە گاڭگىرىغان،شەرمىلىك ئەنئەنىلىرى ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى تولۇق گۇمران بولغان مىسىر جەمئىيىتىنىڭ غەربتىن كەلگەن ماتېرىيالىستىك ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئويغانغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەنىدى.

1982-يىلى دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇتلەق نوپۇزلۇق كىشىلەر پارىژدا پۈتكۈل دۇنياغا تۈركىيىلىك يازغۇچى ياشار كامالنىڭ« مەمەت ئاۋاق» رومانىنىڭ«30يىلدىن بۇيانقى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ رومان» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. روماندا ئەينى دەۋردىكى مۇستاپا كامالنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى دەۋر سۈرگەن، مىللىي ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دۆلەت قانۇنىدىن تارتىپ شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەتتاكى كىيىنىشلىرىگىچە غەربلىشىش دولقۇنى ئەۋج ئالغان دەۋر شارائىتىدا يېزىلغان بولۇپ، تۈركىيە دېھقانلىرىنىڭ ئاددىي-ساددا،چىدامىلىق، باتۇر،ئۆزگىرىشچان روھىي ھالىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي زومىگەر،چىرىك، مۇستەبىت،ئاچكۆز،شەپقەتسىز خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ياشار كامال مەمەت ئاۋاقتىن ئىبارەت سەرگەردان خەلق قەھرىمانىنى نەجىب مەھفۇزدەك قانداقتۇر چەت ئەلدىن كەلگەن ئىدىيە بىلەن ئۇچراشتۇرماي، ئەينى دەۋردە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلغان ئەنئەنىۋى مۇقەددەس ئىدىيىنىڭ سىمۋولى بولغان پەرھات ئىمام بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇلۇغ بىر روھنى دۇنياغا كەلتۈرگەن. دەل مۇشۇ نۇقتىدا «مەمەت ئاۋاق» «ئۈچ كوچا» ترىلوگىيىسى بىلەن مۇتلەق قارىمۇ قارشىلىققا ئىگە. نېمە ئۈچۈن «مەمەت ئاۋاق»نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ؟

شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىشى ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادىكى بۇ شەكىلسىز ۋە ئۈن-تىنسىز كۈرەشتە كەسكىن قىلىپ ئېيتىمىزكى، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك قورالى. بۇ قورال غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەرق تۇپرىقىدا ئاستا-ئاستا ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىسا، مۇقەددەس ئەجدادلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئۇنتۇش ھەم ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ كەلگەن ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

شەرقلىقلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئويغىتىش،ئۇلۇغ مىللىي روھىنى دەس تۇرغۇزۇش مەقسىتى ئۈچۈن پاسسىپ رول ئوينايدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى ياشار كامالنىڭ «مەممەت ئاۋاق» رومانى بىلەن نەجىب مەھفۇزنىڭ «ئۈچ كوچا» ترىلوگىيىسى يۇقىرىقىدەك غەيرىي غەرەزلەردە ئۆزئارا قارشىلىقنىڭ نەمۇنىسىدۇر. ئېنىقكى، غەربلىكلەر يەنى ئەينى دەۋردىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى قانداق ئادەمگە، قانداق ئەسەرگە بېرىش توغرىلىق ئېنىق مەيدانغا ۋە كۆزقاراشقا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ياشار كامال ئەمەس، نەجىب مەھفۇز،«مەممەت ئاۋاق» ئەمەس، «ئۈچ كوچا» ترىلوگىيىسى جەلپ قىلغان.قىسقىسى، 1964-يىلى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ، ئېلىشنى رەت قىلغان فرانسىيىلىك پەيلاسوپ سارترېينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا:«نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى غەربنىڭ يازغۇچىلىرىغا، شەرقنىڭ مىللىي ساتقۇنلىرىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر». دېمەك،شەرق ئەدەبىياتىدا ماددىي مۇكاپات ۋە مەنىۋى شان-شۆھرەت تەمەسى بىلەن، ئۆز مىللىتىنىڭ جان كۆيەر يولباشچىسى بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرغۇسىز زىددىيەت ئاشكارىلانماقتا. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز خەلقىگە نېمىلەرنى بېرەلىشى، دەل بۈگۈنكى شەرقلىقلەرنىڭ ئىنتىلىشى ۋە ئۆز-ئۆزىنىڭ مەۋجۇد ھالىتىنى،ئۆزلىرىگە نېمە كېرەكلىكىنى ھېس قىلالىشىدىكى تەپەككۇر ئىقتىدارىغا باغلىق. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەتىسى شەرقلىقلەرنىڭ ئەتىسىدۇر.


شەرقنىڭ خاسىيەتلىك بىر پارچىسى بولغان رايونىمىزغا نىسبەتەنمۇ ئەدەبىيات بىلەن ئەدىبنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەنمەكتە. ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولسا، بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى بىر دەۋرنىڭ، بىر ئەۋلادنىڭ ئىنژېنېرىدۇر. ئەدەبىياتىمىز ۋە زور كۆپچىلىك ئەدىبلىرىمىز بۇ نۇقتىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئورنىغا نوقۇل« رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەكس ئەتتۈرگۈچىسى»لىك سالاھىيىتى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىپ كەلدى. ئەدىبلىرىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز بىزنىڭ تارىخىمىزنى ئەزگۈچى – باي-پومېشچىكلار بىلەن ئېزىلگۈچى – كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۆرەش،خاراكتېرىمىزنى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر،مېھماندوست،ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان چىرايلىق ئائىلە قۇرۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش،پارلاق كەلگۈسىمىزنى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ زامانىۋىلىشىش،دېگەندەك تەركىبلەر بىلەن سۈرەتلەپ بەردى. بۇخىلدىكى ئاددىي ھەم مەۋھۇم تەركىبلەر بولسا تەپەككۇرى ۋە ئۈمىد تەمەسى ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىي ئوقۇرمەنلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،بۇخىلدىكى ئوقۇرمەنلەر مۇھىت بىلەن ئاڭنىڭ قوش تەرەپلىمىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھالدا بىر تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىگىلا چوقۇنۇپ كەلدى. ئەدەبىياتىمىز ۋە قىسمەن ئەدىبلىرىمىز خەلقىمىزگە بىر بولسا خۇراپاتلىق ۋە فېئودالىزمنىڭ قالدۇق ئاسارىتىدە ياشاۋاتقان يېزىلارنى، مەھەللىلەرنى،ئۇرۇق-تۇغقانلارنى «زامانىۋىلاشقان يېڭى ئاڭغا، يېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلىش» مەقسىتىدە ئىزدىنىۋاتقان ئالىي مەلۇماتلىق ياشلارنىڭ ئوبرازى بىلەن ،ئۇلارنىڭ «كونىلىقتىن قۇتۇلغان روھىي دۇنياسى»نى «يېڭىلىق – تەرەققىيات» سۈپىتىدە تاڭدى. بىر بولسا،«نادان – قالاق» دىيارىمىزغا ياۋروپادىن قۇياشقا مىنىپ قايتىپ كەلگەن بىر بالىنىڭ سىماسىنى سىزىپ بەردى. قويۇق ئۆزگىچىلىككە ئىگە بوستانلىق ۋە مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئۆزىگىلا خاس بولغان مۇھەببىتى ۋە نەپرىتىدىن ئايرىلىپ ئومۇمىيلىققا مەجبۇرلاندى...پەقەت يېقىنقى يىللارغا كەلگەندىلا ئەدەبىياتىمىز ئۆز خەلقىنىڭ يىلتىزى، ئېتنىك تەركىبى، قايغۇ-ھەسرىتى،خۇشاللىقى ۋە تەقدىر - ئىستىقبالى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىدى.«بىز كىم؟» دېگەن سوئال ئالدىن ئويغانغان يازغۇچى – ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى. ئېغىر مەسئۇلىيەت، بەدەلگە ھامىلدار ساناقسىز سوئال – خىتابلار ئالدىمىزدا دۆۋىلىنىپ تۇرماقتا. بىز تارىخىمىزنىڭ نادانلىق، مەھكۇملۇق بىلەن تولغان ئۆتمۈش بەتلىرىدىن ئۆزگىلەرنىڭ قويغان يول بەلگىلىرى بىلەن ئىسسىق جېنىمىزنى ۋە ھېسابسىز ئەلەم -ھەسرەتلىرىمىزنى يۈدۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق. دەر ھەقىقەت،ئەدىب-يازغۇچىلىرىمىز بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزغا،تەقدىرىمىزگە ماڭىدىغان مۇساپىلەرگە ئالدىن يول بەلگىسى قادايدىغان كىشىلەردۇر. كۆز ئالدىمىزدىكى ھەر تۈرلۈك ئىدىيە – ئېقىملارنىڭ گىرەلەشمە ۋە كېسىشمە سىزىق – نۇقتىلىرى بىلەن چەكسىز ھايات مۇساپىسىدە ئەدىبلىرىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ پاكىز تەپەككۇر،مۇستەھكەم ئىمانىدىن ئايرىلمىسۇن.

2001-يىل دېكابىر، شەھىرى قۇمۇل

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەرئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدىن، دېھقان
(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# خوراز ھەققىدە رىۋايەتلەر

ـ ھەببۇللا توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 2-،3-(قوشما)سانىغا بېسىلغان «تەكلىماكان، خوراز،ئۈرۈمچى» ناملىق باللادىسىغا تەقرىز

نۇرمۇھەممەت توختى

دەججال (ئەلەيھىس لەئىنە) كۈن بويى ئالدىراش ئىشلىدى. كۆك ئېشەكنىڭ پەغەزدەك ئېچىلغان سالپاڭ قۇلاقلىرىغا رەڭگارەڭ پۇرۇچلاردىن لېنتا ئاستى. كىپىشتەك كېرىلىپ تۇرۇدىغان بۇرنىنى، قېلىن تۇمشۇق ـ كالپۇكىنى لەۋسۇرۇخ بىلەن بويىدى. قاش-كىرپىكلىرىنى، يۈز-پېشانىسىدىكى، بويىنىدىكى، دۈمبە-قورساقلىرىدىكى، پۇتلىرىدىكى قېلىن ۋە قىسقا تۈكلىرىنىمۇ تاكى سۈپۈرگىدەك قۇيرۇقىغىچە، هارامىلىقىنىڭ بەلگىسى بولمىش توم تۇياقلىرىغىچە رەڭگارەڭ بوياق ـ خېنىلار بىلەن بوياپ چىقتى ۋە ھەربىر تۈك ـ يايلىغا مىڭبىرخىل نەغمە-ساز ياڭراپ تۇرۇدىغان قوڭغۇراقلارنى ئاستى. كۆك ئېشەكنىڭ چوڭ ۋە غەمكىن كۆزىگە يېشىل كۆزەينەك تاقىدى. ئەمدى كۆك ئېشەك بەئەينى كەچلىك بەزمىخانىغا ماڭغان رەسۋا جالاپقا ئوخشىغانىدى. بۇنى خالىغانچە مىنىشكە، خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولاتتى.

دەججال ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ كۆك ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى سىيلىدى. ئېشەكنىڭ قىردەك بۆرتۈپ چىققان ئومۇرتقا سۆڭىكى چويۇندەك قاتتىق ئىدى. بۇنداق قاتتىق قىرغا مىنىپ سەپەر قىلسا كۆت پولاتتىن بولسىمۇ چىدىماس. ئېشەك ئىككى قېتىملا سوكۇلدىسا، زىدە بولۇپ قاناپ كېتەر. «ياق، ئازاب چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق، ھەممىنى ئىلكىمگە ئالسامىۇ، كۆتۈم ئېچىشىپ ئازاب چەكسەم، بۇنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟ ئەڭ ياخشىسى بىردانە توقۇم تىكەي. توقۇمنى ئېشەككە توقۇپ ئاندىن مىنەي، شۇ چاغدا...» دەججال ئەشۇنداق ئويلىدى. دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلدى. يەكچەشمە دىۋىلەرنىڭ تۈك-يۇڭلىرىدىن ئېتىلگەن ئەسكى كىگىز پارچىلىرىنى ـ پايتىملارنى تېپىپ كەلدى. بەزىسىنى بەزىسىگە ئۇلىدى، بەزىسىنى كېسىپ پارچىلىدى ۋە ئۇلارنى قاچاندۇر بىر چاغدا ئۆلگەن دىۋىنىڭ تېرىسى ئۈستىگە تىزىشقا كىرىشتى. قول ئىشتا، ئەس-يادى شېرىن خىياللاردا ئىدى. «ئاتام شەيتان، ئانام ئازازۇل قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋېتىمەن، توقۇم پۈتۈپ تەييار بولسىلا تاغنى تېشىشكە باشلايمەن، ئېشەككە تەتۈر مىنىپ، قۇيرۇقىنى قايرىيمەندە، كۆتىگە نۆشۈدۈر قىستۇرىمەن، كۆك ئېشەك شۇ چاغدا موللا نەسىرىدىننىڭ قوڭۇر ئېشىكىدەك چېپىپ كېتىدۇ. كوھىقاپتىن چىققان شامالمۇ يېتىشەلمەيدۇ، 18مىڭ ئالەمنى كېزىشكە باشلايمەن. ئېشىكىمنىڭ ھەربىر تۈكىگە ئېسىلغان قوڭغۇراقلاردىن مىڭبىرخىل سادا-نەغمە ياڭرايدۇ. مانا شۇ چاغدا ئەقلى لال بولمىغان ئىنساننى كۆرەي. نەغمىلىرىمگە مەھلىيا ـ مەپتۇن بولمىغان مەخلۇقنى كۆرەي. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، نەپسى ئەقلىنى

روھ جۇۋانلىرى

بىسىپ چۈشىدۇ. نەپسى غالىب كەلگەننىڭ قانچىلىك ئەقلى بولسۇن؟ مەن ھەممىنى ئىلكىمگە ئالىمەن. ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى. . . ھەممە نېمىسىنى ئىلكىمگە ئالىمەن. ھەممە مېنىڭ ئىلكىمدىكى بىر پارچە گۆشكە، بىرپارچە بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ. نېمىنى دە دېسەم شۇنى دەيدىغان، نېمىنى يە دېسەم شۇنى يەيدىغان، نېمىنى قىل دېسەم شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ خۇداسىغا ئايلىنىمەن. ياق، ئۇلارغا خۇدانى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بۈيۈك شەيتانغا ئايلىنىمەن. شەيتان دادام قىلالمىغان ئىشلارغۇ بۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلىۋېتىمەن. شەيتان دادام نېمىتى؟ مەن ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىمەن. مېنىڭ ئاخىرقى نىشانىم شۇ. ئەگەر ئەشۇ نىشانغا يېتەلمىسەم، شەيتان بىلەن ئازازۇلنىڭ ئوغلى بولماي كېتەي. . . »

دەججال كونا كىگىز پارچىلىرىنى توقۇم قىلىپ تىزىشنى داۋاملاشتۇردى. غار ئىچى غۇۋا ئىدى، دەججالنىڭ مەككار كۆزلىرىدىن قىزىل ئۇچقۇنلار چېچىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ چاغدا «دەھىمە مۇلكى ئىسكەندەر» ① دە ئاج ئىبنىي ئۇنۇق ②نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولمىش يەجۇجى - مەجۇجىلەر جانلىنىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار «سەددىي ئىسكەندەر» ③نىڭ 30 گەز كەڭلىكتىكى دەرۋازىلىرىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دەرۋازىنىڭ يەتتە گەز ئېگىزلىكتىكى بوسۇقلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، تۆمۈر دەرۋازىلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئالەمگە تىكىلىشتى. ئۇلار ئەشۇ ئادەمئاتام زامانىسىدا ياشىغان، قورسىقى ئاچسا بىر تاغنى يەپ، ئۇسسىسا بىر دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان ئۇلۇغ بوۋىسىدەكلا ئاچكۆز ۋە ۋەھشىي ئىدى. ھەممە نېمىنى يەيتتى، ھەممە نېمىنى ئىچەتتى. قەدىمكى كىتابلاردا «دەججال قوپسا ئارقىدىنلا يەجۇجى - مەجۇجىلەرچىقىدۇ. ئاۋۋال ئۇزۇن بويلۇقلىرى چىقىپ ئادەملەرنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن ‹يەجۇجى مەھەف› پىرقىسى چىقىپ ئاشلىق -تۈلۈك، ھايۋانات-ئۇچار قانات، ئوت - چۆپ، دەل-دەرەخلەرنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ‹يەجۇجى مەقمۇئى› پىرقىسى چىقىپ ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يەپ تۈگىتىدۇ. ھەتتاكى دېڭىزلارنىڭ سۇلىرى، توقايلىقلار، كۆللەر، تاغلار، دۆڭلەر. . . ھەممىنى يەپ-يالاپ قۇرۇتىۋېتىدۇ. كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرىنىمۇ قويمايدۇ. جاھاندا ھېچنېمە قالمايدۇ» دەپ يېزىلغانتى. شۇڭا ئەينى چاغدا ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمىس، قوغۇشۇن، قەلەيلەرنى تاغدەك دۆۋىلەپ ئاستىدىن ئوت يېقىپ ئېرىتىپ «سەددىي ئىسكەندەر»نى سالدۇرغان ۋە يەجۇجى -مەجۇجىلەرنى سېپىلدىن چىقالماسلىققا دۇئايىبەت قىلىۋەتكەنىدى. يەجۇجى -مەجۇجىلەرمۇ بۇنى بىلەتتى. لېكىن ئۈمىد ئۈزمەيتتى. «دەججال قوپسا ئىنسانلار ئېتىقاد - ئىمانىنى ، روھىنى، ئەقلىنى يوقاتسا، شۇچاغدا. . . »

دەپ ئۈمىد كۈتۈشەتتى ئۇلار. كېچە ئۇلارغا غايىبتىن شەپە كەلدى. دەججالنىڭ كۆك ئېشەكىنىڭ تۇكلىرىنى بوياپ، مىڭبىرخىل نەغمە ياڭرايدىغان قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بولدى. يەجۇجى-مەجۇجىلەر شۇڭا جانلىنىپ قېلىشقانىدى. ئەمما ئۇلار دەججالنىڭ تېخى كۆك ئېشەككە توقۇيدىغان توقۇمنى پۈتكۈزەلمىگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. . .

دەججال يېرىم كېچىگە يېقىن كىگىز، پايتىما، لاتا-پۇتىلارنى توقۇم شەكلىدە تىزىپ بولدى. دىۋە تېرىسىدىن يەنە بىر پارچىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتى. ئەمدى دىۋىنىڭ چىشلىرىدىن ياسالغان جۇۋالدۇرۇزغا دىۋىنىڭ ئارقاندەك توم چېچىنى ئۆتكۈزۈپ ، سىرىپ-تىكىسلا ئىش پۈتەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆز قىلىقىنى قىلدى. توقۇم تىكىشنى يېرىم يولدا چالا-پۇلا تاشلاپ قويۇپ غارنى تېشىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ، غارنى تىللىرى بىلەن يالاپ تېشىشى كېرەك ئىدى. تىلدىن باشقا نەرسە غارغا ئۆتمەيتتى ۋە تېشەلمەيتتى. ئۇ، غارنىڭ تېمىنى يالىغاچ ھېرىپ ئۇخلاپ قالدى.

شەرق ئاسمىنىدا سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە، «دۇب دەرىخىنىڭ ئاچىماقلىرى ئارىسى» دىن بىر قۇش ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ، دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىنى تىكىپ كۆردىكى، دەججال ئەسكى كىگىز - پايتىمىلارنى توقۇم شەكلىدە تىزىپ بوپتۇ. سىرىپ-تىكىسلا ئىش پۈتۈدىكەن. نېمىدېگەن خەتەرلىك-ھە! ؟ قۇش ئىككىلەنمەستىن ئىشقا كىرىشتى. تۆمۈردەك قاتتىق ۋە خەنجەردەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ، دەججالنىڭ پۈتمىگەن توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئۇ توختىماي تاتىلىدى. كىگىز - پايتىما پارچىلىرى ئاتقۇچى ئاتقان مازدەك، شامالدا ئۇچقان توزغاقتەك تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. . .

شۇنداق قىلىپ ئەشۇ قۇشنىڭ ئەجىر-تۆھپىسى بىلەن ئىنسانىيەت تۇنجى قېتىم بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

* * *

ئۇنىڭ مۇبارەك نام-شەرىپى «خوراز» دەپ ئاتالدى. يارانقۇچى ئەجىر-تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياقۇتتەك قىپقىزىل تاج ۋە قىپقىزىل زىرە-مونچاقلارنى، گۈزەل ۋە يۇمشاق پەيلەرنى، ياڭراق ۋە سۈزۈك ئاۋازنى ئاتا قىلدى. كۆڭلى قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك خوتۇن ئېلىش، كۆزى قايسى نازىنىن مېكىيانغا چۈشسە، شۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئىختىيارىنى بەردى. شۇڭا ئۇ قانات سۆرىسىلا، ھەرقانداق مېكىيان موككىدە يېتىپ بېرەتتى. ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپە - ھەرتاڭدا ئىنسانىيەتنى ئويغىتىشقا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى دەججالنىڭ شۇم نىيىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەججالنىڭ توقۇمنى پۈتكۈزۈشكە مەڭگۈ يول قويماسلىق ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى.

خوراز ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەت بىلەن ئورۇنداشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ، ھەر تاڭدا قاناتلىرىنى ئۇلۇغۋارلىق بىلەن قېقىپ، سوزۇق ۋە ياڭراق ئاۋازدا «قىي! قىي! قىي!» دەپ چىللاپ تاڭدىن خەۋەر بېرەتتى ۋە ئىنسانىيەتنى ئويغىنىشقا، ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيتتى. ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن تاتىلاپ دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلايتتى. ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىغۇچى چوقۇم مەغرۇر ۋە چوڭ سۈپەت كېلىدۇ. خوراز تاڭ پەيتىدە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، تاجلىق بېشى ۋە گۈزەل بويىنىنى ئارغىماقنىڭ بويىنىدەك تىك تۇتۇپ، كۆكسىنى ئاققۇدەك مەغرۇرلۇق بىلەن كېرىپ، گۈزەل قۇيرۇقىنى ئەلەمدەك تىكلەپ، ئون-يىگىرمە مېكىيانىنى - خوتۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باغلاردا سەيلى قىلاتتى. مېكىيانلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە پەرۋانە بولاتتى. ئۇنىڭسىز كۆڭلى ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭسىز تۇخۇملىمايتتى ۋە چۈجە چىقىرىپ ئەۋلاد قالدۇرالمايتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭسىز - ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىسىز ئويغانمايتتى. خوراز دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلاپ ئىنسانىيەتنى تۇنجى قېتىم ئويغىنىشقا چاقىرغاندىن كېيىن تالاي ئەسىر - ئېرالار ئۆتۈپ، تالاي تارىخ ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتتى. خوراز نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدە نوھنى 150قېتىم ئويغاتتى. مىسىردىن قېچىپ پەلەستىنگە ئۆتۈدىغان چاغدا، مۇساغا بەلگە بەردى. ئاخىرقى ئەلچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھىي يەتكۈزگەندە، يەنە شۇ خوراز ھەزرىتى بىلالنى ئەزان توۋلاش ئۈچۈن ئويغىتىپ تۇردى. موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈشلىرىدە، چىڭگىزخانغا مەسلىھەتچى يوللۇغ چۇساي بىلەن قىزىل خوراز دائىم ھەمراھ بولدى. ئۇ، كىگىز چېدىرنىڭ ئالدىدا زىل ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن قىچقىرىپ، ئەشۇ تەڭداشسىز سەركەردىنى ئويغىنىشقا چىللايتتى. . . خورازنىڭ ھەربىر چىللىشىدا ئىنسانىيەتنى ئويغىنىشقا، ھوشيار بولۇشقا ئۈندەشتەك چوڭقۇر مەنا بالقىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدىكى ئىنسانلار بۇنى چۈشىنەتتى، ئەڭ كەمدىمۇ ھېس قىلاتتى. پىكىر دېڭىزلىرىدىن سۆز ئۈنچىلىرى سۈزگۈچى شائىر - سۆزمەنلەر خورازنى مەدھىيىلىشەتتى. خورازدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىشەتتى. بىرى:

«ئاتتى تاڭ چىللاپ خوراز، يۈتىيەنمۇ باربۇ نەغمىدە»④

دەپ كۈيلىسە، يەنە بىرى:

«چىللاڭ خورىزىم چىللاڭ، ئۇخلاق جاھانىم ئويغانسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى-رەيھانىم ئويغانسۇن»⑤

دەپ ئۈمىد ئىزھار قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ خورازنىڭ ھەممە ئىشلىرى مەدھىيىلەشكە، شېئىر-داستانلار توقۇشقا ئەرزىيتتى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، قىلمىش-ئەتمىشلىرىدىن كۆرگۈچىنى ھەۋەسلەندۈرگىدەك بىر خىل ئۇلۇغۋارلىق، ئېسىللىق بالقىپ تۇراتتى.

* * *

يەنە تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپ، تالاي شەھەرلەر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى. ياراتقۇچى پەقەتلا تاقەت قىلالمىغاندا، ئۆزىنىڭ ھېلىمىلىقىنى بىر نەپەس تەرك ئېتىپ، كۆپرى بەندىلىرىنى ئۇدۇللۇق جازالاپ تۇرۇۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، بۇزۇلغان ئىنسانلار ئەشۇ جازالارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. ئۇلار يەنىمۇ چوڭقۇرراق گۇناھ-كەبىرلەرگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئەشۇ گۇناھ-كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ھەسەت ۋە چىدىماسلىقتۇر، ئۇلۇغ ۋە ئېسىل پەزىلەتلىكلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىكتۇر. ئۇلار خورازنىڭ گۈزەللىكىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا چىدىمايۋاتاتتى. پەيغەمبەرسىز زاماننىڭ ئەشۇ ئۇنتۇغاق بەندىلىرى ئەمدى خوراز ئۈستىدە، ئەشۇ ئويغاتقۇچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى بۈيۈك سىما ئۈستىدە ئىغۋا توقۇشقا، ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىشقا كىرىشتى. ئىغۋالار ساماندەك تولا ئىدى. ئېيتىشلىرىچە، خوراز كۆپ خوتۇن ئېلىپ شەھۋانىيلىقتا بىرىلىپ كەتكەنمىش. شەھۋانىيلىقتىن بەدىنى ئاجىزلاپ، قىغ دۆۋىسىدىن ئېگىزرەك يەرگە ئۇچۇپ چىقالماسمىش. تازىلىققا رىئايە قىلماي گەندە تاتىلارمىش. خورازنىڭ مەينەتلىكىدىن توخۇلار قەۋمى ئىچىدە ۋابا تارقالغانمىش. ئۇ دائىم پوق يېگەچكە ئەقلىدىن ئېزىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنمىش. . . بۇنچىلىك ئىغۋالارغا خورازنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلەرمىدى؟ ئىنسانلار يەنىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ خورازنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. خوراز بىرتال قوناق ئۈچۈن مۇھىم ئەزاسىنى ئۆردەككە سېتىۋەتكەنمىش. ماۋۇ قاملاشمىغان ئىغۋانى كۆرۈڭ: ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، بۇنىڭغا خوراز جاۋابكارمۇ ياكى ئۆزلىرىنى ئويغىتىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ، دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ، دەججالنىڭ قاباھىتىدىن ساقلاۋاتقان خورازغا دان بەرمىگەن ئىغۋاچىلار جاۋابكارمۇ؟ ئۆزلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن پىداكارغا يېتەرلىك دان - قوناق بېرەلمىگەن قەۋمنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار مۇھىم ئەزاسىنى تېگىشكەنلەرگە تەۋەمۇ ياكى باشقا بىرىبىرىنى ياتلارغا تۇتۇپ بەرگەنلەرگە تەۋەمۇ؟ . . .

خوراز ئۈستىدىكى ئىغۋالار ساماندەك تولا ئىدى. ئەمما خوراز بۇنداق پىتنە-پاساتلاردىن ئاغرىنىپ، باتناپ ئىش تاشلايدىغان ئىرادىسىزلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنىلا ھەرسۈبھىدە ياڭراق ئاۋازدا قىچقىرىپ، ئىنسانىيەتنى غەپلەت ئىچىدىن ئويغىنىشقا چىللايتتى. ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن تاتىلاپ، دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلايتتى. خورازنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلەنگەن كۆك ئېشەكمۇ ھاڭرايتتى ۋە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يۇمشاق توپىغا ئېغىناپ، دەججالنىڭ پەردازلىرىنى بۇزاتتى. تۆكىلىرىگە ئېسىلغان مىڭبىر خىل نەغمە ياڭرايدىغان

قوڭغۇراقلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئەمما بۇزۇلغان ئىنساندا ئېشەكنىڭ ئەقلىچىلىكمۇ ئەقىل قالمىغانىدى. ئۇ بارغانسېرى دېۋەڭلىشىپ دەججالنىڭ نەغمە-سادالىرىغا مەھلىيا بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەس-يادى خورازنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، دەججالنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشتىلا قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، جۇزالىم چىراغمۇياقماي، ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. پايپاسلاپ مېڭىپ توخۇ كاتىكىنىڭ يېنىغا باردى ۋە خورازنى دوراپ: «قىي! قىي! قىي! قىي!» دەپ چىللىدى. جۇزالىمنىڭ ئاۋازى بەئەينى خورازنىڭ ئاۋازىدەك چىقتى. خوراز چىللىغانىكەن، ئورنىدىن تۇرۇش كېرەك. گاۋيۇيباۋ ۋە ئۇنىڭ مەدىكار ھەمراھلىرى قانمىغان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئىشقا ماڭدى. پومېشچىكنىڭ ئېتىزىدا ئۇزۇن ئىشلىدى. نەچچە تەرلەپ، نەچچە ھارغان بولسىمۇ تاڭ ئاتمىدى. مەدىكارلار غۇدىرىشىپ، «يېرىم كېچىدە چىللىغان خوراز»نى تىللاپ قارغاشتى.

كوممۇنا ۋاقتىدا، ھەزىلكەش دىلبەر دورغا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە باشلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ جۇزالىمنىڭ ئاۋازىدەك زىل چىقتى. ئۇمۇ ھەر كېچە ئۆگزىسىگە چىقىپ خورازنى دوراپ چىللايتتى ۋە ئارقىدىنلا «تاك، تاك»نى ئۇرۇپ، ئەزالارنى «سەھەرلىك دولقۇن»- ئىشقا ھەيدەيتتى. ئاچ-ھارغىن ۋە ئۇيقۇسىغا قانمىغان كوممۇنا ئەزالىرى تۈن يېرىم بولماستىن چىللىغان خورازنى قارغاپ-تىللىشاتتى. «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم» دېگەن شۇ. قارغىش خورازغا. دىلبەر دورغا بولسا كۈلۈمسىرەيتتى ۋە ھەركېچە خورازنى دوراپ چىللىشىنى داۋام قىلدۇراتتى.

«خوراز چىللايدۇ،
ئۆتىدۇ يىللار
ئاۋاتلاشقانچە ھاشارنىڭ يولى»⑥

كوممۇنا تارقىلىپ يەرلەر قايتا تەقسىم قىلىنغان يىللاردا، دىلبەر دورغا ئەترەت باشلىقلىقىدىن قالدى. قېرى ئىتتەك بوسۇغىنىڭ سىرتىدا قالدى. ئەمما ئۇنىڭ خورازنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇشلىرى توختىمىدى. ئەمدى ئۇ، قىشتا «ئىشتاچى» دا ئىت تالاشتۇرۇپ، يازدا «توخۇلا» دا توخۇ سوقۇشتۇرۇدىغان ئىش چىقاردى. خورازلارنى توختىماي بىر-بىرىگە گىژ-گىژلايتتى. بىچارە خورازلار خۇددى قەدىمكى رىمدىكى بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىدىغان گلادىياتورلاردەك بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن پەنجە ئۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقىغا ئامالى يوق ئىدى. سوقۇشمىسا، ئاچ قويۇلاتتى، ھەتتا بوغۇزلاپ كاۋاپ قىلىنىۋېتىلەتتى.

مۇقەددەس، ئۇلۇغ - ئېسىل پەزىلەتلىك خورازنىڭ ئىناۋىتى ئاستا-ئاستا چۈشتى. كىشىلەر ئۇنى ئەڭ رەزىل قىلمىشلارغا سىمۋول قىلىدىغان بولدى. ھېكايىچى ھېكايىسىدا، شائىر داستانىدا، پەند - نەسىھەتچى مەسەلىدە نېمىلەرنى يازمىدى دەيسىز؟! سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا - سۇلايماندىن قۇش-قانات ۋە چارپاي -ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن ھېلىقى دېھقان ۋات-ۋات خوتۇنىنىڭ سوراق - سوئاللىرى دەستىدە تەڭلىكتە قالغاندا، ئەشۇ خوراز دېھقانغا خوتۇنىنى كالتەك بىلەن دۇمبالاشنى ئۆگەتكەنىمىش. ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغانىمىش...

خوراز سەھەر پەيتىدە ئويغىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، خالىغان چاغدا چىللاۋېرىدىغان بىر نېمە ئىمىش، قورسىقى ئاچسىمۇ، زېرىكسىمۇ - ئېرىكسىمۇ چىللارمىش...

«چارخوراز» مېكىيانغا ئايلىنىپ قالغانمىش، تۇخۇم تۇغقانمىش. يەنە تېخى يۈز-چىرايىنى مايمۇننىڭ كۆتىدەك بوياپ، ئۇچرىغانغا قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاپ يۈرۈدىغان ھەزىلەككە ئايلىنىپ قالغانمىش...

خوراز بىر كۈنى ۋەھشىي تۈلكىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالغانمىش. تۈلكە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنى يېمەكچى بولغاندا، خورازنىڭ مەغرۇر ۋە ئۇلۇغۋار سالاپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانمىش. يەرگە تىزلىنىپ: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، خىزمەتلىرىگە ھازىر بولسام، ھەركۈنى بىر مېكىياننى مۇبارەك ھوزۇرلىرىغا تۇيدۇرماي باشلاپ كېلىپ، ناشتىلىقلىرىغا تەقدىم قىلسام» دەپ باش ئەگكەنىمىش. شۇندىن كېيىن ھەركۈنى بىر مېكىيان ياكى چۈجىنى ۋەھشىي تۈلكىگە تەقدىم قىلىپ تۇرغانمىش. ئاخىرى مېكىيان، چۈجىلەر تۈگىگەندە، تۈلكە بۇ «پوق يېگەن خوراز»نىمۇ بوغۇپ يەۋەتكەنىمىش...

يەنە قايسى سەھىپىلەرنى ۋاراقلايمىز؟ ئەگەر ۋاقتىمىز يېتەرلىك بولسا، بۇنداق مىساللاردىن يەنە يۈزلەپ تاپالىشىمىز مۇمكىن. تەھقىقكى، خورازنىڭ ئىناۋىتىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى گۇناھقا مايىل ئىنسان تۆكتى. ئىنسان خورازنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرىگە كۆز يۇمدى. ئۆز ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى خورازنىڭ كەينىدىن غاجىلايدىغان سۆخەنچىگە ئايلاندى. بۇخۇددى ھازىرقى زاماندا قەھرىمانىنى قەھرىمانىنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى ئاخبارات ۋاستىلىرى يارىتىۋاتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى.

* * *

ئەشۇ قېتىم ۋەھشىي تۈلكىنىڭ «پوق يېگەن خوراز»نى بوغۇپ يەۋېتىشى - ئىنسانىيەتنى ئويغاتقۇچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، دەججالنىڭ قوپۇشىنى توسۇپ تۇرغۇچى خورازلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئەمەس ئىدى تېخى. ئىنسانىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە شەھەرلىشىۋاتاتتى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەھەرلەردە ھايۋانات، قۇش-قانات بېقىشقا يول قويۇلمايدىغان بولدى. شۇجۈملىدە خوراز بېقىشقىمۇ

يول قويۇلمىدى. بۇ ئەلۋەتتە مۇھىت ئۈچۈنلا ئەمەس، بايۋەتچە ۋە خېنىملارنىڭ ، شۇنداقلا ھەممە كىشىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىقمۇ شۇمەقسەت ئىچىدە ئىدى. كىشىلەرنى ئەبەدىيلىك غەپلەتتە تۇتۇش كىملەرنىڭدۇر مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، شەھەرلەردىن خورازنىڭ ئاۋازى ئاستا-ئاستا ئۆچتى .

«نۇرلۇق ئېرانىڭ بوسۇغىسىدا
بىر-بىرىگە قاراپ شۇمشىيىپ ،
قېتىپ قېلىشقان
شەھەرسىز خوراز،خورازسىز سەھەر.»

«دۇمچەك بولۇپ يۆتەلگەن شەھەر،
ئىپلاس راكتىن بەرگەندەك خەۋەر.
ئۈرۈمچىدىن كەتتى يىراقلاپ،
خوراز لەرزان چىللىغان سەھەر.»

«گۈزەل ئۈرۈمچى خورازسىز شەھەر،
مۇزدەك باغرىڭغا
ھېسسىياتسىز چوقانلار بىلەن
غالجىرلارچە كىرەر باستۇرۇپ
تۈتەك باسقان خورازسىز سەھەر.»

شەھەرلەردە دەججالنىڭ توقۇمى پۇتۇۋاتاتتى. خوراز پەقەت يىراق يېزا - سەھرالاردىلا قالغانىدى. ئۇ ھەركېچە ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئەڭ ئېگىز پۇتىقىغا چىقىپ تۈننى ئۆتكۈزەتتى ۋە تاڭ پەيتىدە شۇيەردىن «قىي! قىي! قىي! قىي! » دەپ چىللايتتى. ھاشارنىڭ تولىلىقىدىن بەللىرى مۈكچەيگەن، چىرايى قارايغان، ساقال-بۇرۇتلىرى چاڭگىلاشقان دېھقانلارنى ئويغىنىشقا، دەججالنىڭ قاباھىتىدىن ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيتتى. ئارقىدىنلا قانات قېقىپ، يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، غەزەپ بىلەن تاتىلاپ دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلايتتى. كۆك ئېشەك خورازنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلىنىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يۇمشاق توپىدا ئېغىناپ دەججالنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتەتتى. قارىغاندا، دەججالنىڭ قاباھىتى پاتئارىدا بۇيەرلەرگە يېتىپ كېلەلمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

يەنە ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، بىئولوگلار مۇقەددەس خورازنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلانغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئىشنى بىر نەپەر دېھقان خوتۇن باشلاپ بەردى. ئۇ ئىسسىق قوينىغا - يۇمشاق ئەمچەكلىرىنىڭ ئاستىغا سەككىز-ئون دانە تۇخۇمنى تىزىپ، ياغلىق بىلەن چىڭ تېڭىپ، بېلىنى سىرتىدىن باغلاپ يۈردى. 15-20 كۈن بولغاندا، ئەشۇ تۇخۇملارنىڭ شاكىلى يېرىلىپ، ئايالنىڭ قوينىدىن چىرايلىق قاراكۆز چۈجىلەر توكۇلداپ چىقىپ كەلدى. چۈجىلەر ئېتىك ۋە چىرايلىق ئىدى، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئەمما ئاتىسىنىڭ كىملىكىنىمۇ، ئانىسىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

توۋا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ: كۈرزۈك مېكىيان تۇخۇم باسمىسىمۇ چۈجە چىقارغىلى بولىدىكەنغۇ. ئەقلى سازراق بەندىلەر دەرھال ئىنكۇباتورنى كەشىپ قىلىشتى. ئالتە-يەتتە كۈندىلا مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ چۈجە - خورازلار بىراقلا تۇخۇمدىن چىقىدىغان بولدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئانىسىنى تونۇمايتتى، ئاتىسىنى بىلمەيتتى. ئاتا-ئانا تەربىيىسى كۆرمىگەن ھارامزادە نە تاتىلاشنى، نە ئەزان قىچقىرىپ چىللاشنى بىلسۇن؟! بۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر ئەمدى خورازلارنى ئۆرۈكنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخىغا چىقىپ قونغىلى، ھويلىلاردا، باغ-دەرەخزارلىقلاردا كۆپ خوتۇننى ئەگەشتۈرۈپ مەغرۇرانە سەيلە قىلغىلىمۇ قويمايدىغان، قەپەس - كاتەكلەرگە سولاپ، تۇتقۇن - مەھبۇستەك باقىدىغان بولۇشقانىدى. قەپەستىكى بۇلبۇل قانچىلىك سايرىيالىسۇن؟

«ھەشەمەتلىك قان رەڭ قەپەستە،
مەرۋايىت دان چېچىلغان پەستە.
توك چۈجىسى - ئاتىسىز خورازلار
چىللىيالماي تۇرار شۇمشىيىپ
توك قاغىدەك قىلىشىپ غاق-غاق.
چىللاپ كەتتى باشقىلار قانداق؟
ھەم ئاتىسىز ھەم ئانىسىز جانۋار -
چىللىيالماي، دان يەپ، غاقىلداپ -
ناجىنسقا ئايلىنار شۇنداق...»

ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي خورازلار ئانچە-مۇنچە قالغانىدى. مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان توك چۈجىلىرى قوما، قەغەز قاپ ۋە تۆمۈر قەپەسلەرگە قاچىلىنىپ، سەپ-سەپ بولۇپ يېزا بازارلىرىغا بېسىپ كىرگەن يىللاردا دېھقانلار تېخى ئاچ-يالىڭاچلىقتا، ئاش-نان ۋە كىيىم-كېچەك غېمىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىركۈنلۈك ئەمگىكى مېكىياننىڭ بىر قېتىم ئىنجىقلاپ تۇغقان بىر تۇخۇمىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا نەپس روھتىن غالىب بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر خورازنىڭ ساز - ئويغاتقۇچى قىچقىرىشلىرىدىن كۆرە، مېكىياننىڭ تۇخۇملاپ بولۇپ كۆتۈرىدىغان قىقاس - چۇقانىنى - قاقاقلىشىنى ئاڭلاشقا بەكرەك خۇشتار ئىدى. بىئولوگلار بۇخىل ئېھتىياجنى دەرھال ھېس قىلدى. گېن ئۆزگەرتتۇق دەمدۇ ياكى كلونلىدۇق دەمدۇ - ئىشقىلىپ بىرئاماللارنى قىلىپ، خوراز بىلەن جۈپلەشمىسىمۇ تۇخۇملاۋېرىدىغان مېكىيانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار بىر تۇخۇملاشقا باشلىغانچە 400 كۈن توختىماي تۇخۇملايتتى. چىراق ياندۇرۇپ بەرسە، كېچىسىمۇ تۇخۇملايتتى، دانغا ئىشتىھاسى ئانچە ئەمەس ئىدى. بېدە چاناپ بەرسىلا تۇخۇملاۋېرەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىلا ئاتا قىلىنغان ھالال جۈپتى - خورازنى تونۇمايتتى. ئەشۇ ئېشىپ قالغان ئاخىرقى ھەقىقىي خورازلار باز-بازلاپ قانات سۆرەپ يېقىنلاشسا، خۇددى كونا تامدىن ئاجراپ چۈشكەن بىر كاللەك چالمىدەك ھېسسىياتسىز قاراپ تۇراتتى. مۇھەببەت، ئىشقى -

پىراق دېگەنلەرنى چۈشەنمەيتتى. خورازغا ئېھتىياج قالمىغانىدى. ئېھتىياجنىڭ تۈگىشى - ماماتتىن دېرەك. ئەمما ھەقىقىي خورازلارنىڭ تەقدىرىنى بايلار ۋە يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشتىھاسى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغلاق كاۋىپى ۋە قوزا كاۋىپىدىن ئىشتىھاسى يېنىپ، توخۇ كاۋىپى ۋە خوراز كاۋىپىغا زوقى كۆچەيگەن، ئېخى «ھەقىقىي يەرلىك توخۇ - خورازدىن بولسۇن» دېگەن دەرىجىگە يەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، يېزىلاردىمۇ ئەڭ ئاخىرقى خوراز ئابلىز توخۇچىنىڭ توك دوخوپكىسىدىن ئۆتۈپ، ئەشۇلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى. تاڭ سەھەردە چىللاپ ئويغىتىدىغان، غەپلەتتە قالماسلىقا ئاگاھ بېرىدىغان، دەججالنىڭ توقۇمىنى چۇۋۇپ تاشلايدىغان مۇقەددەس قۇش يوق بولدى. دەججال توقۇمىنى پۈتكۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇ، توقۇمنى چالا تاشلاپ، غارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىمنى تېشىش ئۈچۈن ئۇزۇن تىللىرى بىلەن يالاشقا باشلىغان چاغدا، بىچارە كۆك ئىشەك خورازنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، دەججالنىڭ توقۇمنى تاتىلاپ - چۇۋۇپ تاشلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. لېكىن خوراز كەلمىدى. كۆك ئېشەكنىڭ كۆزلىرىدە مەڭگۈلۈك غەم ئورناپ قالدى.

«خورازسىز ئەل، ئاداشقان پادا»

……………………………

كىشىلەر مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا پاتتى. ئۇلار غەپلەت ئىچىدە پۇل - مەنسەپ ۋە مەرتىۋە - ئەمەل ئارقىسىدىن خۇددى موللا نەسىرىددىننىڭ كۆتىگە نوشۇدۇر قىستۇرۇلغان ئېشىكىدەك ئالدىراش چاپاتتى. غەپلەت ئىچىدە غەپلەت شارابى ئىچىپ، غەپلەت ئىچىدە غەپلەت خىرۇئىنى چېكەتتى. غەپلەت ئىچىدە غەپلەت رېستورانىغا قاتراپ، غەپلەت ئىچىدە دەججالنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇسسۇل ئەمدى «ئاياغ ئويۇنى» دىن بەل ۋە كۆكرەك ئويۇنىغا ئۆزگەرگەنىدى. ھاياسىز خوتۇنلار بەللىرىنى تولغاپ، جىن - ئالۋاستىدەك سەكرەپ، يالىڭاچ كۆكسىنى، يالىڭاچ سۆڭگىچىنى لىغىرلىتىپ شەرمەندىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزەتتى. ئېخى ماۋۇ رەسۋاچىلىقنى كۆرۈڭ: قىزى يالىڭاچ سەھنىگە چىقسا، ئاتىسى چاۋاك چالغاننى كىم كۆرگەن؟ پۇل

ئۈچۈن قىزىنى جالاپخانىغا ساتقان، ئەمەل ئۈچۈن خوتۇنىنى دەسمايە قىلغاننى كىم كۆرگەن؟ غەپلەتكە پاتقانلار شۇنداق قىلىدۇ. ئويغانتقۇچىسى، ئاگاھلاندۇرغۇچىسى يوق ئەل شۇنداق قىلىدۇ. رەسۋايى ئەزىم دېگەن مانا شۇ.

پات ئارىدا دەججالنىڭ توقۇمى پۈتىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن بىركۈن تىنىم تاپماي كۆك ئېشەكنىڭ سالپاڭ قۇلاقلىرىغا قىزىل لېنتىلارنى چەگدى. ئېشەكنىڭ يۈزىنى، قېشىنى، كۆز - كىرپىكلىرىنى، كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىغا تەڭ تۈكلىرىنى مىڭبىر خىل رەڭدە بوياپ چىقتى. ھەربىر تۈكىگە مىڭبىرخىل نەغمە - سادا چىقىدىغان قوڭغۇراقلارنى ئاستى. ئارقىدىنلا ئېشەككە توقۇم تىكىشكە تۇتۇش قىلدى. ئەسكى كىگىز پارچىلىرىنى تىزىپمۇ بولدى. سىرىپ - تىكىسلا ئىش پۈتىدۇ. جاھاننى بۇلغاش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىنى، ئېتىقاد - ئىمانىنى، ئەقلىنى، ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بۇلغايدۇ، يوق قىلىدۇ. ئارقىدىن يەجۇجى - مەجۇجىلەر «سەددىي ئىسكەندەر» نى بۇزۇپ چىقىپ، جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى يەپ - يالاپ قۇرۇتىدۇ. قىيامەت قايىم دېگەن ئەنەشۇ.

قەدىمكى كىتابلاردىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە، دەججال قوپقاندا ئىمامىي مەھدىي ئالماس قىلىچىنى يالىڭاچلاپ قارشى جەڭگە ئات سالارمىش. ئېيسا مەسىھ ئاسماندىن ئالتۇن نەيزە كۆتۈرۈپ چۈشەرمىش. ئىككىسى بىرلىشىپ دەججال (ئەلەيھىن لەئىنە) نى يوق قىلارمىش. ئىمامىي مەھدىي قېنى؟ ئېيسا مەسىھ يەتتە قات ئاسماننىڭ 1 - قەۋەتلىرىگە يېتىپ كەلدىمۇ؟ ئۇلار نەدە؟

«ماڭا ئەگەشمە كۆڭۈلسىز پاراڭ،
سورىساڭ مەن بىر سۆيۈملۈك ساراڭ.
ئىزدەپ يۈرۈيمەن ھېلىقى شەھەرنى،
خوراز چىللىغان نۇرلۇق سەھەرنى.»

ئىمامىي مەھدىي بىلەن ئېيسامەسىھ دەججالنى، يەجۇجى - مەجۇجىلەرنى يوق قىلالارمۇ؟ دەججالنى، يەجۇجى - مەجۇجىلەرنى يوق قىلالىغان بىلەن نەسلى قۇرۇغان مۇقەددەس خورازنى قايتا پەيدا قىلالارمۇ؟ خوراز چىللىغان سۈزۈك تاڭ قايتا مۇيەسسەر بولارمۇ؟ ياراتقۇچى روھىمىزنى قۇتقۇزغاي!

ئىزاھاتلار

①، ②بۇلارنىڭ ئورنى «جاباغان» (ياپونىيە) نىڭ نىرىسىدا ئىمىش.
③«قىسسەسۇل ئەنبىيا» غا قاراڭ.
④ماۋزېدۇڭدىن.
⑤ئۆتكۈر ئەپەندىدىن.
⑥بۇ مىسرالار ھەبىبۇللا توختىنىڭ «تەكلىماكان، خوراز، ئورۇمچى» ناملىق باللادىسىدىن ئېلىندى. ئىزاھ بېرىلمىگەن باشقا شېئىرىي پارچىلارمۇ شۇنىڭ(M1)



# ئەخلاقنىڭ ئەقدىرى

ئادىل ئابدۇقادىر

ئەخلاق ئۇقۇمىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قايسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئەخلاق ئىپكى ئىنسانلار ئۆز ئەۋرەتلىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق يۆگەشنى بىلگەندىن تارتىپ شەكىللەنگەنلىكى ئېنىق. بەلكىم ئەشۇ ئىپتىدائىي ئەخلاق ھەرىكىتىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى كىيىنكى ھەرقانداق بىر ئىختىرا بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئەشۇ تۇنجى ئىپتىدائىي ئەخلاق ھەرىكىتى ئىنسانلارغا كىيىم كىيىشنى ئۆگەتكەن ھەم ئىنسانلار توپى بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. ئەمما جەمئىيەتنىڭ كىيىنكى تەرەققىياتىدا روياپقا چىققان تۈرلۈك ماددىي، مەنىۋى ئىختىرالار بۇ ئىپتىدائىي ئىختىرانىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ سودا، سىياسىي، دېموكراتىيە قاتارلىقلار ئەخلاق سىستېمىلىرىنىڭ بىرلىككە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئەخلاقنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى،ھەتتا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەقدىرىنى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى. نەتىجىدە بۈگۈنكى دۇنيادا ئەخلاق قارىشى ھەم ئەخلاق ھەرىكىتى كرىزىسكە دۇچ كەلدى. ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ تۈرى، سەۋىيىسى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن ھالقىپ كەتتى. كىشىلەر ئەخلاق مەسىلىسىگە ئۆچىسىدىكى كىيىم-كېچەككە ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك قارىمايدىغان بولدى.

قەدىمدىن بۇيان ئەخلاق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆز ھەرىكىتىنى تەكشەيدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي مىزان سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا ئەخلاق ھەرىكىتى شەخسنىڭ دۇنيا قارىشى،ئېتىقادى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىچكى مايىللىق ئاساسىدىكى ھەرىكەت شەكلى سۈپىتىدە ،دۆلەت، جەمئىيەت شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي ھوقۇق چەكلىمىسىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. بىر جەمئىيەت ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانىنى شۇ جەمئىيەتنىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەسلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بەلگىلەيتتى. ئەمما جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتى،ماددىي ۋە مەنىۋى ئىختىرالارنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىشى،دۆلەت، جەمئىيەت ئىجتىمائىي ھوقۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك قانۇن-بەلگىلىمە،سىياسەت سۈپىتىدە شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغاسىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە،ئەخلاق ئىجتىمائىي كوللېكتىپ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان تۇرمۇش مىزانى بولۇش دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى ھەم ئىجتىمائىي ئەخلاققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ،تۈرلۈك تاشقى ئامىللار ئەخلاقنىڭ ئەقدىرىنى بەلگىلەشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئەخلاق ھەرىكىتى نوقۇل شەخسنىڭ ئىچكى مايىللىقى،بىر جەمئىيەت ئىجتىمائىي كوللېكتىپىنىڭ مەسلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدىغان بولدى.بولۇپمۇ دۇنيادا ئەخلاق ھەرىكىتى ھەم ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتى،تۈزۈلمىسى قولىغا ئېلىۋالدى.

بۇقاراش قارىماققا تولىمۇ غەلىتە ئاڭلىنىدۇ.ئەمما مەسلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلايدىغان ھەم ئۇنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ بۈگۈنكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى بىلەن باغلاپ ئانالىز قىلىدىغان بولساق مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

كىشىلەر بەلكىم ئەخلاق شەخسنىڭ ھەرىكىتى،ئۇنىڭ دۆلەت سىياسىتى،تۈزۈلمىسى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەشۇ ئۇقۇملارنىڭ سۈر-ھەيۋىسى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى مۇلاھىزىمىز دەل ئەخلاق ھەرىكىتى بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە بولىدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىسىنى ئائىلە، دىن ھەم قانۇندىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلە بىلەن دىن جەمئىيەت ئىجتىمائىي

ئەخلاق ھەرىكىتى ئۆسۈپ -يېتىلىدىغان تۇپراق،قانۇن بولسا جەمئىيەتنىڭ ئادالەت ھەم چىنلىق پرىنسىپىنى قوغدايدىغان سىستېما،مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەرىكىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان ۋاستە.بۇ ئۈچ ئامىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زەنجىرسىمان ھالەتتىكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەت بولۇپ، ئەخلاق ھەرىكىتىنى يەككە ھالەتتە ئۇلار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئەخمىقانىلىق.شۇنداقلا بۇ ئۈچ ئامىلنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئەخلاق ھەرىكىتىگە قىلىنغان بۇزغۇنچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ يەككە ھالەتتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى تېزلىتىدىغان بىۋاستە سەۋەب. ئۇنداقتا بۇ ئۈچ ئامىل بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قايسى شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ سىياسىي ئۇلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا يۇكسەك دەرىجىدە سىياسىۋىيلاشقان، سىياسىي ئەخلاق سىستېمىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ھەتتا سىياسىي شەخسلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەۋاتقان بىردۇنيا.بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە«تېررورلۇق» ، «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» ئۇقۇملىرىنىڭ نېمىلىكىنى،بۇش، بىن لادېننىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغانلار ئاز بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ سىياسىي بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە يېقىن ياشاۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك. سىياسىي دۆلەت مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىستېما سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى ئائىلىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.ئائىلە ئەسلى ئەر-ئاياللىق تەبىئىي نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇنداقلا قەدىمدە ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ھەم ئەر-ئاياللىق جىنسىي مۇناسىۋەتنى ھېچقاچان بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتى بەلگىلىمەيتتى ھەم ئۇنىڭغا ئارىلاشمايتتى. ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت تەبىئىي نىكاھ مۇناسىۋىتى،ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن باشقا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە «نىكاھ قانۇنى» ،«ئاتا-بالىلار ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنى» ،«پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىلىرى» دېگەندەك قانۇن-بەلگىلىمىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ ئۆزىلا ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىسىنى يوقاتقانلىقىنى،ئەر-ئايال، ئاتا-بالىلىق ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ دۆلەت سىياسىتى، ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بىرخىل مۇناسىۋەتكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا بەلكىم ئەر-ئاياللىق نىكاھ مۇناسىۋىتىگە دۆلەت سىياسىتى ئەدلىيە، قانۇن، سوت ۋاستىسى ئارقىلىق ئارىلاشمايدىغان ھېچقانداق بىر دۆلەت بولماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا تۇرمۇشىمىزغا سىياسىينىڭ قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتەرلىك.

سىياسىي ئائىلىلەرگە سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ يادروسى بولغان ئائىلىلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى.ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى ئاتا-بالا، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىدە بالىلار ھوقۇقىنى قوغداش قانۇنى يولغا قويۇلۇپ، ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا خالىغانچە تېگەلمەيدىغان،بالىلار ئۆز ئاتا-ئانىلىرى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنالايدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببەت، مەسئۇلىيەتنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي قانۇن ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە دۆلەت سىياسىتى ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئاياللارمۇ ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدلىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ئائىلە مۈلكىگە ئېرىشەلەيدىغان بولدى. تۇغۇتتىن ساقلىنىش ۋاستىلىرى ئائىلىۋى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. نەتىجىدە دۇنيا بويىچە ئاجرىشىش نىسبىتى يىلسېرى ئارتىپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ياشانغانلار پاراۋانلىق تۈزۈملىرى بىلەن بالىلار پاراۋانلىق تۈزۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھالاك شەكىللەندۈردى. پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلار ياشانغاندىن كېيىن ئۇلارنى باقمىسىمۇ بولىدىغان، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان،دۆلەت ئۇلارغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. بالىلار پاراۋانلىق تۈزۈملىرى بىر قىسىم ئەللەردە نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلەتتى، نەتىجىدە ئائىلىلەرنىڭ خاراكتېرى تەدرىجىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، توي قىلماسلىق، بالىلارنى تۇغۇپ پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا تاشلاپ بېرىش،بويتاقلىق ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، شۋېتسىيە بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا شۋېتسىيىدە ئىككىدىن بىر قىسىم بالا نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا ھېسابلىنىدىكەن،شۇنداقلا شۋېتسىيە دۇنيادىكى توي قىلىش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن دۆلەت بولۇپ، 1980-يىللاردىكى ستاتىستىكىدىلا ستوكھولم شەھىرىدىكى%63ئاھالە بويتاق ئىكەن. ئەنئەنىۋى ئائىلە قارىشىنىڭ ئاجىزلىششى ھەم ئائىلىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى جەمئىيەتتە ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى، ئاجرىششىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش،ئائىلىسى تۇرۇپ باشقىلار بىلەن بىنورمال ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە بولۇشتەك ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال غەرب ئەللىرىدە بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك بولۇپ، ئىنتېرنېتتىن ئىگىلىگەن ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا،ئامېرىكا بىلەن فرانسىيىدە ئەرلەرنىڭ«تالاغا قاراش»نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئائىلىسى بار بىر ئەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئارىلىشىدىغان ئاياللار سانى 17گە يېتىدىكەن، فرانسىيىدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇپ 26گە يېتىدىكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ غەرب ئەللىرىدە تەرغىب قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تۈزۈملىرى ئەمەلىيەتتە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر.

ئۇنداقتا سىياسىي دېگەن نېمە؟ بۇ تولىمۇ مەۋھۇم ئۇقۇم.ئەمما شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، سىياسىي دۆلەت مەنپەئەتىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرخىل سىستېما.دۆلەت مەنپەئەتى سىياسىينىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى ھەرگىزمۇ ئەخلاق مىزانىغا ئوخشاش دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بەلگىلىمەيدۇ. ئەكسىچە، سىياسىينىڭ قانداق بولۇشى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان

پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.ئالدىنقى ئەۋلاد جۇڭگو پۇقرالىرى بىلەن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ غەرب ھەم غەرب مەدەنىيىتىگە بولغان پوزىتسىيىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دۆلەتلەرنى ئەڭ چوڭ ياللىغۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. دۆلەت سىياسىتى دەل دۆلەت مەنپەئەتىنى كونترول قىلىدىغان ئەڭ چوڭ خوجايىن، پۇقرالار بولسا دۆلەت سىياسىتى مونوپول قىلغان ئىقتىسادىي،ئىجتىمائىي ئاپپاراتلاردىكى ياللانغۇچى، خالاس. شۇڭا، كىشىلەر ھەرقانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ، دۆلەت سىياسىتى بەلگىلىگەن چەكتىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، دېموكراتىيە،ئەركىنلىك پەقەت سىياسىي تارتىۋالغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش جەريانى بولغان بولىدۇ. شۇڭا شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇكى، دۆلەت ھەم سىياسىي ئەڭ زور دەرىجىدە پۇقرالارنىڭ خاراكتېرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بۇنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك.مەسىلەن:1980-يىللاردىن بۇرۇنقى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ رايىش،ۋەتەنپەرۋەر بولۇشتەك خاراكتېرىنى، ئەينى دەۋردىكى دۆلەت سىياسىتىنىڭ بېكىنمە، غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان دۈشمەنلىك سىياسىتى بەلگىلىگەن بولسا، بۈگۈنكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتكە باي خاراكتېرى بولسا 1980-يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات،ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم غەرب ئەللىرىدە بەچچىۋازلىق، يالىڭاچ ئۇسسۇل دېگەنلەر قانۇنلاشتۇرۇلغان، ئەخلاقىي پرىنسىپ سىرتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق جۈملىسىگە ياتىدىغان سىياسىي مەسىلە، ئەمما ئىسلام ئەللىرى ھەم باشقا بىر قىسىم ئەللەردە بۇ ئىنتايىن ئەخلاقسىز، ئۆلۈمگە مەھكۇم جىنايى قىلمىش. يەنى ئوخشاش بىر ھادىسە ئوخشىمىغان ئىككى خىل سىياسىي مۇھىتتا،بىرى قانۇنلاشتۇرۇلغان،بىرى قانۇنلاشتۇرۇلمىغان. دېمەك بۇخىل ماھىيەتلىك پەرقلەرنى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت سىياسىيسى ئوخشىمىغان قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. ئەمدى دىققىتىمىزنى ئەخلاق سىستېمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل دىن ھەم ئۇنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يۆتكەيلى. دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى. مەيلى ئۇنى ئېتىراپ قىلايلى، قىلمايلى، ئۇ ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس ئارنولد توينبىي دىنىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ يىلتىزى،دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، خېلى كۆپ قىسىم غەرب پەيلاسوپلىرى ھەم جەمئىيەتشۇناسلىرى دىننىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تەكىتلەيدۇ. تاكى 18-ئەسىرلەرگىچە پۈتكۈل دۇنيادا دىنىي جەمئىيەتلەر يۈكسەك ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى،شۇنداقلا دىن ھەم دىنىي ئاڭ تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەمما 18-ئەسىردىن كېيىن دىن تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەيدىغان بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى ھەم دىنىي ئاڭمۇ ماس ھالدا ئاجىزلاشتى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، دىننىڭ دۆلەت سىياسىتىدىن چەتلەشتۈرۈلۈشى ھەم ئائىلە، نىكاھ،ئەدلىيە،ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەردە دۆلەت سىياسىتىنىڭ دىنىي ئۆلچەملەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىدىن بولدى. دۆلەت سىياسىيسى يېڭى دىن يارىتالمايدۇ، ئەمما ئۇ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلىتىشقا تامامەن قادىر.بۇ جەھەتتە دۆلەت سىياسىيسى بىۋاستە شەخسلەرنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىسىمۇ، تۈرلۈك دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى، بايراملارنى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى خالىغان قائىدە-يوسۇن، بايراملارنى دەسسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مەسىلەن،كالېندارغا قارىسىڭىز بىر يىلنىڭ 365كۈن ئىچىدىكى 200كۈندىن كۆپرەك ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ھەرخىل بايرامناملىرى بار.ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئانىلار بايرىمى، ئاتىلار بايرىمى،ئاشىقلار بايرىمى ... دېگەندەك خېلى كۆپ قىسىم بايراملار ھازىر خەلقئارالىشىپ كەتتى ھەم بىر قىسىم دۆلەتلەردە بۇلار قانۇنلۇق بايراملاردۇر. ئەمما سۈرۈشتۈرۈلسە كۆپىنچىسىنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق تارىخىي، دىنىي، مىللىي مەنىسى يوق. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر يەنە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىمۇ مەۋجۇد.

دىن ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ھەم ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم خېمىر تۇرۇچى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىشىدە دىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئەخلاق قانۇنغا ئوخشاش زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنىڭ تەھدىتى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى مايىللىقى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان ھەرىكەت. بۇخىل ئىچكى مايىللىق تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دىنىي ئېتىقادنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولىدۇ. شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولىدۇكى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردا ئۆز خاتالىقىنى تونۇش، تۆۋا قىلىش،ياخشى بىلەن يامانىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىش ئېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغۇچىلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغۇچىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىدە مۇئەييەن پەرق بولىدۇ.كۆپىنچە ھاللاردا دىننىڭ بۇخىل ئىجتىمائىي رولى سىياسىيونلارتەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ. چۈنكى سىياسىيونلار ھەمىشە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئارقىلىق كونترول قىلىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ شۇنداقلا ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ جەھەتتە دىن بىلەن سىياسىي بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. ئەمما سىياسىي ھۆكۈمرانلار تارىختىن بۇيان بۇ جەھەتتە ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەن. ھىتلېر ھەم ستالىنغا ئوخشاش تارىخىي شەخسلەر شۇ خىلدىكى سىياسىيونلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولالايدۇ.

دۆلەت سىياسىيسى دىننى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىشتە، تۈرلۈك دىنىي ئۆرپ-ئادەت، نىكاھ،ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى دىنىي ئۆلچەملەرنىڭ ئورنىغا قانۇن، ئەدلىيە ھەم باشقا ۋاستىلەرنى دەسسىتىشتىن باشقا، دىندا چەكلەنگەن بىر قىسىم قىلمىشلارنى قانۇنلاشتۇرۇش ھەم ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى بوشلۇق

www.uyghurkitap.com

بىلەن تەمىنلەش ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، بەچچىۋازلىق، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلىشىشىدا دۆلەت سىياسىيسىنىڭ ئوينىغان رولىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دىن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن سىياسىي ۋاستىلەر ئارقىلىق چەتلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ نىكاھ، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق قۇرۇلمىسىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداقلا دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ھەم يامرىشىغا جەمئىيەتتە بوشلۇق شەكىللەندى، بولۇپمۇ كىشىلەردىكى نىكاھ ئېڭى يوقىلىشقا باشلىدى. بۇ، سىياسىينىڭ دىنغا سالغان بۇزغۇنچىلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى نىكاھ مۇقەددەسلىكى، كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەپ تۇرۇدىغان يۈگەن ئىدى. دىنىي ئاڭنىڭ سۇسلىشىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، قالاڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقلار نىكاھ ۋە ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى دەپسەندە قىلىدىغانلارنىڭ سورۇنىغا ئايلاندى. ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت پۈتۈنسۈرۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە كېڭەيدى. ئەلۋەتتە بۇخىل قىلمىشلارنى چەكلەشتە سىياسىي ھېچقانچە ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ. جەمئىيەتتىكى جىنسىي مۇلازىمەت سورۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشى، جىنسىي پاراكەندىچىلىك جىنايەتلىرىنىڭ يامرىشى ھەم ئۇنىڭ ئاساسلىق جىنايەت شەكلىگە ئايلىنىپ قېلىشى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. دىنىي ئاڭنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي مەنىگە ئىگە ئۆرپ-ئادەتلەر تەدرىجىي يوقالدى ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك ئادەت ھەم پائالىيەتلەر ئىگىلىدى. نىكاھ ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشى، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى دېگەندەك غەيرىي ھادىسىلەرنى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىدىغان قىلمىشلار ئىدى. ئەمدى بۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا دۆلەت سىياسىيسى شەكىللەندۈرگەن قانۇن، تۈزۈملەرنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

قانۇننىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىسىدىكى ئۈچ مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇنداقتا، قانۇن دېگەن نېمە؟ قانۇن ئېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادالەتنىڭ پرىنسىپى، جەمئىيەتتىكى كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك ئەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان سىستېما. شۇڭا، قانۇنمۇ ئەخلاققا ئوخشاش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان پرىنسىپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما قانۇن بىلەن ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. قانۇن بولسا، دۆلەت سىياسىيسىنىڭ ئەخلاق قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىستېما. ئەمما ئەخلاق سىياسىيۋىلىقى يوق نەرسە. قانۇننىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ھەم زوراۋانلىق ۋاستىلىرى، مەخسۇس ئىجرا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى بولىدۇ، ئەخلاقنىڭ بولسا يوق. ئەمما قانۇن سالاھىيەت نۇقتىسىدىن دۆلەت سىياسىيسىنىڭ ئەخلاق قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنىڭ بولۇشى بىلەن ئەخلاقتىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ئۆزىنىڭ ئاممىۋىلىقى ھەم خاسلىقى، جەمئىيەت ئەزالىرىنى ۋاستىسىز كونترول قىلىش جەھەتتە قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەخلاق مۇقەددەسلىكى قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان جەمئىيەت، جىنايەت ئەڭ ئاز يۈز بېرىدىغان جەمئىيەتتۇر. بۇ جەھەتتە ئەخلاق قانۇننىڭ تاشقى پوستىغا ئوخشايدۇ، قاچانكى جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق يامراپ كېتىدىكەن، جىنايەتمۇ تەڭ كۆپىيىدۇ. ئەخلاقمۇ قانۇنغا ئوخشاشلا ئادالەت ھەم چىنلىقنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ پەرقى، ئەخلاقنىڭ ئادالەت، چىنلىق پرىنسىپىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغانلىقى بولسا، قانۇننىڭ دۆلەت سىياسىيسى بەلگىلىگەن ئادالەت ھەم چىنلىقنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، قانۇن سىياسىي مەنىگە ئىگە ھەم ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزى ھاللاردا ئەل - جامائەتنىڭ ئادالەت ھەم چىنلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەسىلەرمۇ قانۇندا جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قارشى تۇرۇش ئەخلاق نۇقتىسىدىن توغرا، ئەمما ئۇ ھۆكۈمران بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مەسىلىگە ئايلانغاندا جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇكى، قانۇنمۇ مۇئەييەن جەمئىيەت ھەم شارائىتتا سىياسىينىڭ چەكلىمىسى ھەم بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنالمايدۇ. دۆلەت سىياسىيسىنىڭ ئەخلاق مەسىلىلىرىگە قارىغاندا قانۇن مەسىلىلىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ، ماھىيەتتە قانۇننىڭ دۆلەت سىياسىيسىنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

بەزى ھاللاردا دۆلەت سىياسىيسى قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى پۇقرالارغا تاڭالايدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك ئوخشاش ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ خاراكتېرىنى يارىتالايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە پۇقرالارنىڭ ئەخلاق قارىشى ھەم ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە سەۋەبتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت سىياسىيسىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. دۆلەت سىياسىيسىدا قانۇن ھەمىشە دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ھەم بەزى ھاللاردا دۆلەت مەنپەئىتىگە باغلىنىشلىق ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭمۇ قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، غەربتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيەتتە شۇخىل قىلمىشنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلماسلىقىنىڭ، ئۇنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىنىڭ دۆلەت سىياسىيسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن باغلىنىشلىق بوپقالغانلىقىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىياسىي ئوخشاشلا قانۇنغىمۇ بۇزغۇنچىلىق سالالايدۇ. سىياسىينىڭ قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشى، جەمئىيەتتە ئائىلە ھەم دىنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققاندەك روشەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتە باراۋەرلىكنىڭ بۇزۇلۇشى، سىياسىي پەرق شەكىللەندۈرگەن توقۇنۇشنىڭ زورىيىشى، ئادالەت، چىنلىقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى قاتارلىقلارنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇخىل ئەھۋال جەمئىيەت قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى زورايتىۋېتىپ، ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ يامرىشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىدا سىياسىينىڭ ئەخلاق سىستېمىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. ئۇنداقتا سىياسىي داھىي ھەم سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە تەسىرى بولامدۇ-يوق؟ ئەمدى بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزەيلى.

ئالدى بىلەن سىياسىي بىرخىل ئالاھىدە ھوقۇق،بولۇپمۇ سىياسىي بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا سىياسىيدا ئالدى بىلەن سىياسەت بەلگۈلىگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى ئەكس ئېتىدۇ، سىياسىيئونلار ھەم تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۆز ئىرادىسىنى قوللىغۇچىلىرىغا تاڭىدۇ.دېگولل:«خەلق تەبىئىي ھالدا ھوقۇققا باش ئېگىدۇ» دېگەنىدى . بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي داھىيلارنىڭ تەسىرىنى قۇياشنىڭ تەسىرىگە، خەلقنى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سىياسىيئونلار دەل خەلقنىڭ مۇشۇ خىل مايىللىقىدىن پايدىلىنىپ خاراكتېر يارىتالايدۇ، خەلقنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇنىڭغا يېقىنقى مەزگىللىك جۇڭگو تارىخىدىن بېتەرلىك پاكىت تاپقىلى بولىدۇ. سىياسىي داھىيلار خەلقنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىيەلىگەنىكەن،ئەلۋەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىمۇ كونترول قىلالايدۇ.بۇ جەھەتتە سىياسىي داھىيلارنى خەلقنىڭ ئەخلاقىنى يىراقتىن كونترول قىلىدىغان تىزگىنەككە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئۇلارئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە خەلقتىن ئايرىلىپ تۇرسىمۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ تۈزۈپ چىققان قانۇن-بەلگىلىمىلىرى ھەم ئىش -پائالىيەتلىرى بىۋاستە ھالدا خەلقنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ سابىق جۇمھۇرى بىل كلىنتون ھوقۇققا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى بەچچىۋازلىقنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ۋەدە قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئاۋازغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ،بۇ قېتىمقى فرانسىيە رەئىس جۇمھۇر سايلىمىغا 16نامزات قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى شادلىق پارتىيىسىنىڭ نامزاتى ئىلگىرى يالىڭاچ ئۇسسۇلچى بولغان لى. سىندى ئىكەن. ئۇ، بۇ قېتىمقى سايلامدا غەلبە قىلىپ قالسا، فرانسىيەدە پاھىشىخانىلارنى قانۇنلاشتۇرۇدىغانلىقىنى، ھەتتا تۈرمىلەردىمۇ پاھىشىخانا قۇرۇدىغانلىقىنى، مەخسۇس يالىڭاچلار باغچىسى تەسىس قىلىپ، ئەر-ئاياللارنىڭ بىرلىكتە ئاپتاپقا قاقلىنىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى... ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا سىياسىي سەھنىدە خېلىلا ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى،بۇيەردە ئەخلاق سىياسىينىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بەلكىم بۇلارنىڭ توغرا-خاتالىقى سۈرۈشتۈرۈلسە، غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق،دېموكراتىيە،ئەركىنلىك شوئارلىرى بۇنىڭغا قالقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلارمۇ ماھىيەتتە سىياسىيئونلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى قوغداش ھەم ئاقلاشتىكى بىر دەستىكى،خالاس. چۈنكى كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ئۇقۇملىرىنىڭ بۇيەردىكى ئىستېمال مەنىسى بۇرمىلىۋېتىلگەن،شۇڭا، كىشىلىك ھوقۇق،دېموكراتىيە تەشەببۇسىدا چوقۇم ئۇنىڭ خاراكتېرىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشتىكى مۇھىم پرىنسىپى دۆلەت مەنپەئىتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، سىياسىي بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغاندا،سىياسىي ئاپپاراتلار ھامان دۆلەت مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇخىل ئەھۋالدا توغرا-خاتا،ھەق-ناھەق،ئادالەت، تىنچلىق دېگەندەك ئاساسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرى سىياسىي ھەم سىياسىي ئاپپاراتلار ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ،چۈنكى سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ ئادالەت پرىنسىپى ھەمىشە سىياسىينىڭ ھەيۋىسىگە باش ئېگىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سىياسىي ئاپپاراتلار كۆپىنچە بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى كونترول قىلىۋالغان بولىدۇ ھەم ئۇنى دۆلەت مەنپەئىتى شەرتى ئاستىدا قوغدىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شۇ جەمئىيەتتىكى خەلقنىڭ مۇستەقىل ئەخلاق پرىنسىپلىرى نامايىش ھەم قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق -ئىپادىلىنىدۇ.مەسىلەن، بۇ قېتىمقى فرانسىيە،ئەنگلىيە،ئامېرىكىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ ئىسرائىلىيىنىڭ پەلەستىنگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۆتكۈزگەن نامايىشى، ئامېرىكىدىكى «پوچتا بومبىسى» ۋەقەسى قاتارلىقلار بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. سىياسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى كونترول قىلىۋالغاندا، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ ياكى تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ يامرىشىغا يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى سودا ئېلانچىلىقى ھەم ئۇنىڭدىكى ئەخلاقسىزلىقلار ئەمەلىيەتتە تامامەن سىياسىينىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. سودا ئېلانچىلىقى ئىقتىسادىي پايدىنى شەرت قىلىپ شەكىللەنگەن،قانۇن ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان نەرسە. چۈنكى شىركەت-كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشى بىۋاستە ھالدا جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق، جەمئىيەت مۇقىملىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئەدلىيە،قانۇن ئاپپاراتلىرى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، شۇڭا سودا ئېلانچىلىقى ساھەسىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇنىڭ توغرا-خاتالىقى ھەققىدە ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، سودا ئېلانچىلىقىنى مەيلى قانۇن نۇقتىسىدىن ياكى ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، مەسىلە خېلىلا ئېغىر.مەسىلەن، جۇڭگو ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ھازىر تېلېۋىزىيىدە بېرىلىۋاتقان دورا ئېلانلىرىنىڭ 80%ى ساختا ئېلانلار بولۇپ، ئۇ دورىلارئۆزئېلانلىرىدا ماختاۋاتقاندەك ئۈنۈملۈك ئەمەسكەن، ھەتتا بىر قىسىم دورىلار ساختا ئىكەن. ئەمما مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نەچچە سېكونتلۇق ئېلان ھەققى نەچچە مىليون يۈەن تۇرۇقلۇق، ئەڭ كۆپ ئېلان بېرىدىغان شىركەتلەر يەنىلا دورا شىركەتلىرى ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا قىلىنغان بۇ چاقچاق ئەمەلىيەتتە ھېچبىر قانۇن ياكى ئەخلاق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە يۈرىكى تومۇق قىلالايدۇ؟ مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە.

ئەمدى بۈگۈنكى سودا ئېلانچىلىقىنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. چۈنكى بۈگۈنكى سودا ئېلانچىلىقى نوقۇل مەھسۇلات تەشۋىقاتچىلىقىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. ئېلانچىلىق

www.uyghurkitap.com

ساھەسىدە ئاياللارنىڭ، يەنە كېلىپ ئاياللار ئىچىدىكى گۈزەللەرنىڭ ئېلان ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ساپلا يېرىم يالىڭاچ بولۇشى بۈگۈنكى سودا ئېلانچىلىقىدىكى ئاساسىي يۈزلىنىش بولۇپ، پايپاق ئېلانلىرىدىن تارتىپ سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ماشىنىغىچە ئاياللارنىڭ كۆلكىسى، بەدىنى، ئاۋازى ئېلان ماتېرىيالى قىلىنمىغان ساھە ئاساسەن يوق. ھەيران قالارلىقى، ئاياللارغا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرنىڭمۇ ئاياللار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىشى. تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا بېرىلىۋاتقان ئېلانلارغا قارىسىڭىز، ئاياللارنىڭ چېچىدىن تارتىپ تىرنىقىغىچە ئېلان شىركەتلىرىنىڭ ئېلان ماتېرىيالى بوپكەتكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس.. مۇبادا تېلېۋىزىيىدىكى ئىچ كىيىم ئېلانلىرى، سودا پلاكاتلىرىدىكى سۈرەتلەر،دورا ئېلانلىرىدىكى شەھۋانىي سۆزلەر بىرلەشتۈرۈلسە، ئېنىقكى بىر سېرىق فىلىمنىڭ خام ماتېرىيالى پۈتۈپ چىقىدۇ. جەمئىيەتتە سېرىق فىلىم،شەھۋانىي بۇيۇملار چەكلىنىۋاتىدۇيۇ، يەنە ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان نەرسىلەر قانۇننىڭ ھىمايىسىدە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرىدۇ.بۇ،نېمە ئۈچۈن؟ مۇشۇ يەردە يەنە شۇنداق بىرنەرسىنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىدۇ: ئاياللار ھوقۇقى دېگەن زادى نېمە؟ جىنسىي ھۆرمىتىنى قوغداش ھوقۇقى ئاياللار ھوقۇقىغا ياتامدىغاندۇ؟ مۇبادا ئاياللارنىڭ جىنسىي ھوقۇقى ھەم ھۆرمىتى قوغدالمىسا، ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئىش تەقسىماتى جەھەتتە باراۋەر بولغىنىنىڭ نېمىگە ئەھمىيتى؟ شۇڭا، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاياللار ھوقۇقى تەشەببۇسچىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى ئەخلاقنى قوغداشتا ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئەڭ ھوقۇقلۇق.

دېمەك، سىياسىي مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالدا،قانۇننى قوغدىغۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ، بۇ چاغدا ئەخلاق يەنىلا قانۇن بىلەن سىياسىينىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئەخلاق بىلەن قانۇن باراۋەر ئورۇندا،تەڭ قوغدىلىدىغان ياكى ئەخلاق ئېگى قانۇن ئېگىدىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان جەمئىيەت ئەڭ پاكىز جەمئىيەتتۇر.

## خاتىمە ئورنىدا


ئەخلاقنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىز ئاخىرلاشتى، ئەمما بۇ ئەخلاق ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەس.چۈنكى ئەخلاق قانچىلىك دەپسەندە قىلىنمىسۇن، ئەخلاق ئۇقۇمى مەۋجۇدلا بولۇپ تۇرۇدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى كۆپ جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن،شۇڭا بىر مەسىلىنىڭ كۆپ خىل سەۋەبى بولىدۇ. ئەخلاق بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت ئەخلاقسىز قىلمىشنىڭ يامراپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەمما بۇنى مەسىلىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى دېيىشكە بولمايدۇ. يۇقىرىقى تەھلىلىمىز پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى بارمۇ؟ ئەخلاقتىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنى قوغداش كېرەكمۇ؟ دېگەن ئاساسىي مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈشتىنلا ئىبارەت. چۈنكى بۈگۈنكى جەمئىيەت ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر ئادەم مۇشۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەندىلا ئەخلاق قارىشىنى قوغدىغىلى، ئەخلاقنى ئىجتىمائىي بۇلغىنىشلار ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇخىل قۇتۇلدۇرۇش ئۆزىمىزنى كەلگۈسى بالا-قازادىن قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . چۈنكى بىزدە«ئادەمدىن ھايا كەتسە،ئورنىغا بالا كېلۇر» دەيدىغان ھېكمەت بار ئەمەسمۇ؟!

2002-يىل 14-ماي، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ (M1)

### «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# كۆزنىڭ ئىچىدىكى كۆز
# ۋە
# سۆزنىڭ ئىچىدىكى سۆز

(سەپەر تەمەچلىرى)

**ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي**

## مۇقەددىمە

خەنزۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى بولمىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا جايلاشقان خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى جېڭجۇ شەھىرىگە كەلگىنىمگە ھەش-پەش دېگۈچە 14كۈن، ئۆيدىن، ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغىمۇ 16كۈن بوپتۇ. بۇ جەرياندا جېڭجۇ شەھىرىنى ئايلاندىم، خەنزۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۆمرۈمدە كۈندە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىگەن خەنزۇلارنىڭ ھاياتىغا چۆكتۈم، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم، سىرداشتىم. كاللامدا ئىككى مىللەتكە مەنسۇپ ئىككى خىل مەدەنىيەت ھەققىدە نۇرغۇن سېلىشتۇرمىلار پەيدا بولدى. مەقسىتىم بىر مىللەتنى چۈشۈرۈپ، يەنە بىر مىللەتنى ئۇلۇغلاش ئەمەس. مەن مىللىي مۇناسىۋەتتە سىرتتا قوشنىسىنى، ئۆيدە ئۆزىنى ياراتمايدىغان خاھىشقا قارشى. «كۆتۈم مېنى ياراتماي ئۇسۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، مەن كۆتۈمنى ياراتماي بوسۇرۇپ ئولتۇرىمەن» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى ھەردائىم تەپەككۇرۇمنى سوغۇق تەرگە چۆمدۈرۈپ تۇرىدۇ. تەرگە چۆمۈلۈش ئارقىلىق دىتىمنى پاكلاپ تۇرىمەن. ھەربىر مىللەت ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ھاياتىي كۈچ ئارقىلىق بۈگۈنگە ئۇلاشقان. بۈگۈن كىملىكىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. بۈگۈنكى ئورنىمىز تارىختا قىلغان - ئەتكەنلىرىمىز، تىرىشچانلىقىمىز، ھوشيارلىقىمىز ياكى بوشاڭلىقىمىزنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى، خالاس. لېكىن بۈگۈن ئەتىگە تەڭ ئەمەس. ئەتە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ لايىھىسىنى بۈگۈن قويىنىدا ياشاۋاتقان بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرغان، ئۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يەنە بىر مەنىدىكى «بۈگۈندۇر». ئەتىنىڭ لايىھىسىنى قانداق سىزىش، ئەتىكى ئورنىمىزنىڭ قەيەردە بولۇشىنى بېكىتىش بۈگۈنكى ھوشيارلىق ۋە ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا باغلىق. تونۇگۈن ئۆتۈپ كەتتى. تونۇگۈن تەكرارلانماس تارىخقا ئايلاندى. ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى ئىبرەت ئۈچۈن ئاختۇرۇش -قېدىرىش ئاقىللارنىڭ ئىشى. ئاقىللار ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى خۇلاسىلاش ئارقىلىق يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تارىخنى يېزىشنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئېرىشىدۇ. نادانلار ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى ۋاراقلاش ئارقىلىق بۈگۈنگە باھانە ئىزدەيدۇ ياكى ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغلۇقىنىڭ جۇلاسى ئارقىلىق

**تەپەككۇر كۆزى**

www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى زەئىپلىكىنى ئۆرلاندۇرماقچى بولىدۇ. مەقسىتىم، سىلىشتۇرمىلار ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇرخامىنىغا بىرەرتال دان بولسىمۇ تاشلاش. چۈنكى مەن مەۋجۇدلۇقنىڭ يىلتىزى تەپەككۇردا، تەپەككۇر قىلىشتىن توختىغان مىللەت ياكى تەپەككۇرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان مىللەت مەۋجۇدلۇقتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى يوقىتىۋاتقان مىللەتتۇر، دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىمەن. مىللەت ئاكتىپلىرى مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن بىر كۈن تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇۋدىكەن، تارىخىمىز بىر كۈن ئۈزۈلىدۇ.

## «مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەيدىغان تۆمۈر دەرەخ»توغرىسىدا

تەكلىماكان بويلىرى ئەپسانە-رىۋايەتلەر بىلەن تولغان سىرلىق زېمىن. بۇ ئەپسانىلەردە مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇق تەپەككۇرى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بىز ھەربىر ئەپسانە-رىۋايەتنى، خەلق ئىچىدىكى ماقال-تەمسىللەرنى تەتقىق قىلساق، مەۋجۇدلۇقىمىز ھەققىدە يېڭى يەكۈنلەرنى چىقىرالايمىز.

«ئېچىل داستىخان» ئەپسانىسى ۋۇجۇدىمىزغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بەگچەكلەرگە خاس ھورۇنلۇق، زەئىپلىك، بەڭگىلەرگە خاس مەجنۇنلۇقنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇ ئەپساندىن يەنە ئىجادىي تەپەككۇرى ئۇرغۇپ تۇرۇۋدىغان خەلقىمىزنىڭ ئۇنۇمى بىرخىل تەكرار دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن نارازى بولۇش خاھىشىنى بايقايمىز. بۇخىل نارازىلىقنىڭ كەينىگە مۇۋاپىق جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مائارىپ ۋاستىسى بارلىققا كەلتۈرۈلسە، گۈپپىدە ئوت ئېلىپ كېتىدىغان ئىجادىي كۈچنىڭ قاقشاللىقى يوشۇرۇنغان. ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىجادىيەت ئارقىلىق مۇھىتتىن جۇلغۇش كەيپىياتىنىڭ چەكسىز بىنەملىكىنى پەيدا قىلغان. ئەمما بۇ بىنەم تۈزۈلمىدىكى چۈشكۈنلۈك، تۈزۈلمە تەپەككۇرىدىكى چەكسىز خۇراپاتنىڭ سايىسىدا تاشلىنىپ قالغان. . .

«ئۇچار گىلەم» ئەپسانىسى تەكلىماكان بويىدىكى قۇم دېڭىزى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان يېشىل «ئارال»لار ئارىسىدىكى قاتناش قوراللىرىنىڭ قالاقلىقىدىن كېلىپ چىققان بىپايانلىق كىشىلەرگە كەلتۈرگەن قۇلايسىزلىقلارنىڭ غىدىقلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. بۇئەپسانىنىڭ كەينىدىن خەلقىمىزنىڭ روھىدىكى يېڭىلىققا تەلپۈنۈش، تاشقى دۇنياغا ئىنتىلىش، ئېچىۋېتىش روھىنى بايقاش مۇمكىن. مۇشۇ خىل ئېچىۋېتىش روھى خەلقىمىز مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچ ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر. بىزھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي، مەنىۋى مەۋجۇدلۇق بەلگىلىرىگە نەزەر سالساق، ئېچىۋېتىشنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن پايدىلىرىنى بايقايمىز. ئەلۋەتتە زىيانمۇ يوق ئەمەس، لېكىن پايدا زىياندىن كۆپ. مەسىلەن، مىللىتىمىز دۇنيادا ئەڭ كۆپ يېزىق قوللانغان، ئەڭ كۆپ دىن ئالماشتۇرغان، ئەڭ تولا كۆچكەن بىر مىللەت. گەرچە يۇقىرىقى ھادىسىلەر ھازىرقى زامان ئېڭىدا ياشاۋاتقان بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەل سۆيۈقلۇقتەك، روھىمىزدىكى ناچارلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، دىققەت قىلىپ كۆزەتسەك، بۇ ھادىسىلەر كەينىگە يوشۇرۇنغان مەۋجۇدلۇق ھەققىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىن قىر-چاپلىرى قۇلىقىمىزغا كىرمەي قالمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنى مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن تەكرار يېزىق، دىن ئالماشتۇرغان، كۆچكەن دېمەي ئامالىمىز يوق. لېكىن كۆچۈش، دىن، يېزىق ئالماشتۇرۇش تەپەككۇرىمىزنى كۆپ قىرلىقلاشتۇردى، مەدەنىيىتىمىزگە سېھرىلىك تۈيغۇ بەخش ئەتتى. يېزىق، دىن ئالماشقان بىلەن ئۇيغۇرنىڭ روھى ئۇيغۇرلۇقتىن يىراقلىمىدى. تەكلىماكان بويىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر يوقالمىدى. ئۇيغۇر تىلى نۇرغۇن تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىپادىلەش كۈچى ئاجىزلاشماي كۈچىيىپ باردى. دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت ، جەمئىيەت، تەپەككۇر ئەندىزىسى دەل ئەنە شۇنداق ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش روھى ئاساسىدا قۇرۇلغان. بۇ روھ ئامېرىكىنى دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

ھەربىر ئەپسانىنى ئايرىم-ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقىرىقى پىكىرلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەننى باشلاپ كىرمەكچى بولغان نۇقتىسى ئەپسانە-رىۋايەتلەر، تەمسىل-ھېكمەتلەر بىر مىللەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى شۇنداقلا شۇ مىللەت روھىي قۇرۇلمىسىنىڭ جەۋھىرى دېمەكتۇر. مىللەتنىڭ قۇرۇلمىسى، ياشاش ماكانى زامان ئۆزگەرگەن بىلەن روھى، تەپەككۇرى ئۆزگەرمىسە، بۇ جەۋھەرلەر شۇ پېتى ساقلىنىدۇ. بىز بۇ جەۋھەرلەر قالدۇرغان بەلگە-ئۇچۇرلارنى بويلاپ روھىي مەۋجۇدلۇقىمىزغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز، ئۆزىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلالايمىز.

مەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەندىن كېيىن خەلق ئىچىگە چۆكتۈم، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ، تۇرمۇشقا ئەقىدە-ئېتىقاد سۈپىتىدە ئارىلىشىپ كەتكەن ئەپسانە-رىۋايەتلىرىنى كۆزەتتىم. ئىككى يۇرت تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىچە پەرق دەرھال ئايان بولدى.

بىر كۈنى بىرخەنزۇ ئايال ئاشخانا ئىشىكى يېنىدىكى قارىماققا سەل غەيرىي، يوپۇرماقلىرى كەندىر يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تەشتەك گۈلنى كۆرسىتىپ:

– بۇ دەرەخ يۇرتۇڭلاردا بارمۇ؟ – دەپ سوراپ قالدى.

مەن ئۇرۇمچىدىكى چاغدا خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە جايدا بۇنداق«گۈل» نى كۆرگەندەك قىلغان، لېكىن ئايالنىڭ«دەرەخ» دېگەن سۆزى ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى. نېمىشقا گۈلنى دەرەخ دەپ ئاتايدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

— بۇ دەرەخنىڭ ئىسمى تۆمۈر دەرەخ، مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلەيدۇ. قارىماققا گۈلدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر دەرەخ، — دېدى ئايال كۆڭلۈمدىكى دىلغۇللۇقنى بايقىغاندەك بولۇپ.

دەرەخكە قايتىدىن نەزەر تاشلىدىم. قارىماققا ئۇ بىر ئۇسسۇملۇك ئىدى، ياپيېشىل كۆرۈنەتتى، ئۆسكەن يېرى بىپايان دالا ئەمەس، بىر تەشتەك ئىدى. شاخلىرىنى تۇتۇپ كۆردۈم، شاخلار يېشىلدەك كۆرۈنگەن بىلەن تۆمۈردەك قاتتىق ئىدى.

خىيالغا چۆكتۈم. ئىلگىرى ئوقۇغان خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىكى «مىڭ يىلدا بىر قېتىم مېۋىلەيدىغان دەرەخ»، «مىڭ يىلدا پىشىدىغان مېۋە» دېگەندەك ئەپسانىلەر ئېسىمگە كەلدى ۋە دەرھال كاللامدا مۇشۇ ئەپسانىلەرنىڭ كەينىگە خەنزۇلارنىڭ مىللىي ھاياتىي كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر قانۇنىيەت يوشۇرۇنغانمىكەن، دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

تۆمۈر دەرەخنىڭ مىڭ يىلدا بىر قېتىم چېچەكلىگىنىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ بولۇشى ناتايىن. لېكىن مۇشۇ ئەقىدىنىڭ كەينىدە خەنزۇلارنىڭ ناھايىتى قەيسەر، ئۈمىدۋار، سەۋرچان مىجەزىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئادەمنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. تۆمۈر دەرەخنى تىككەن تۇنجى ئادەم ئۆزىنىڭ مىڭ يىل ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن مىڭ يىلدىن كېيىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ مەلۇم تامچىسىنىڭ شۇ گۈلنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇخىل ئىشەنچ ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھازىرچە ئۆزى ئۈچۈن پايدىسى بولمىغان، لېكىن مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئۆزى كۆرەلمەيدىغان قىممەت كەلگۈسى ئۈچۈن ئايانماي مەبلەغ سالىدۇ. خەنزۇلار تارىخىنى ۋاراقلىساق، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. مانا بۇ، بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئاددىي تەپەككۇر بىلەن مىڭ يىلدىن كېيىنكى كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىشى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ بىر مىللەتكە ئاتا قىلغان ھاياتىي كۈچى.

تۆمۈر دەرەخنىڭ ئىزتىراپلىرى مېنى يەنە ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئىختىيارسىز مىللىتىمىزدىكى سەۋرچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق، كەلگۈسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

بىزدە ھازىر ئاتىلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى كەلگۈسى تارىخ بىناسىنىڭ بىر خىشىنى قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قېرىغاندا ئۆزىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن. گەرچە بىز پۈتۈن مەقسەتنى ئۆزىنى باقتۇرۇش دېيەلمىسەكمۇ، ئۇيەنىلا ئەڭ مۇھىم مەزمۇن، نەزىرىمىز شۇنچىلىك ئاددىي. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ نان تېگىدىغان ھەقىقەت «ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا».

ئەتىنىڭ بىز بىلەن بەك چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، مۇھىمى بۈگۈن. بۇنداق پىسخىكا بىزنى بۈگۈن ئىچىدە ياشاۋاتقان تونۇگۈننىڭ پۇقراسى قىلىپ قويغان، ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن قۇرۇلۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان. مانابۇ بىر ئەجدادنىڭ ئۆز ئەۋلادىغا قىلغان خائىنلارچە مەسئۇلىيەتسىز-لىكى، شەپقەتسىزلىكى، شەخسىيەتچىلىكى...

مەن تارىخ بېتىنى ۋاراقلىدىم. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان خەنزۇ سانغۇنلىرى دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتقان چاغدا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە قالماسلىق، ئۇلارغا يۈز كېلەلمەي قالماسلىق ئۈچۈن نومۇس ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مەغلۇبىيەت بىلەن خەلقىگە يۈزلىنىشكە يۈزى چىدىمىدى. بۇخىل پىسخىكا ئۇلارغا نۇرغۇن غەلىبىلەرنى ئاتا قىلدى. بەزى ئۇيغۇر سانغۇنلىرى دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتقان شارائىتتا «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» ۋە ياكى «ئاش بولسا قازان، باش بولسا جاھان» دەپ، ھاياتنى دوغا تىكىپ كۆرەش قىلىش ئورنىغا دۈشمەننىڭ ئايىغىغا باش قويدى. سانغۇن دېگەن سۆز ناھايىتى ئوڭايلا ساتقۇن دېگەن سۆزنىڭ تولۇق قاپىيىسى بوپقالدى. شۇنىڭ بىلەن قېنىمىزغا ساتقۇننى ئەپۇ قىلالايدىغان زەئىپ چىقىشقاقلىق گىن بولۇپ سىڭدى.

تۆمۈر دەرەخكە قارىدىم: رەقىبلىرى ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقان، نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۈگۈن ئىككىلەنمەي ئۆز جېنىنى قۇربان قىلالايدىغان خەنزۇ ئەزىمەتلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. تارىخ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپلا ئۇلاردىن نەچچىسىنى ئۇچراتتىم. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزمۇ شۇنداق ئويغا كەلدىڭىزمۇ؟ يا بولمىسا «مىڭ ئوقۇتسامۇ قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى» دەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزىڭىزنى ياتلىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتامسىز؟ ۋەياكى ياقا يۇرتتا بىلىم ئېلىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، كەلگۈسىدە يۇرتۇمنى گۈللەندۈرەي دېگەن ئويدا ئوقۇپ، شۇيەردە ئىشلەۋاتقان ئوغلىڭىزنى كۆرگۈم كەپكېتىدىكەن، دېگەن ساختا مۇھەببەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئەكېلىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى باقتۇرۇش نامىدا بەختىگە ئولتۇرماقنى كېڭەش قىلىۋاتامسىز؟ يا بولمىسا ئوغلىڭىزغا ئەمەلىيەتتە ئۆز بېشىڭىزنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق ، غۇرۇرىنى يوقىتىش ھېسابىغا مۇلايىم ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىۋاتامسىز؟

مەيلى، سىزگە «ئاق يول» بولسۇن.

2002-يىل 25-مارت، دۈشەنبە، شەھىرى جېڭجۇ

## شەھەردىكى قۇشلار ۋە بۈگۈنكى يېزىلار

ھازىر يېزا-سەھرالار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۇلغانغان، شاۋقۇن-سۈرەنلىك شەھەرگە قارىغاندا پاكىز، ئاسايىشلىق ماكان. ئارىمىزدا شەھەرنىڭ سوغۇق تەبىئىتىدىن زېرىككەنلىكىدىن، قېرىغاندا قولاق تىنچ-پىنھان بىر سەھرادا ئارامخۇدا ياشاشنى ئارزۇلايدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

مەن خېنەنگە كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۈرۈمچى بىلەن خېنەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى سائەتلىك ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

پەرقى تۇپەيلىدىن ئۇيقۇم ئېچىلىپ ناھايىتى سەھەردە ـ ئۇرۇمچىلىكلەر سۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان چاغدا جىڭجۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىغا ئايلانغىلى چىقتىم. كۈن چىقمىغان بولسىمۇ، شەھەر تولۇق يورۇپ بولغانىدى. مەن شىنجاڭنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا مەنزىرە دەرىخى بولۇشقا يارىماي كېسىپ تاشلانغان دەرەخلەرنىڭ جىڭجۇ شەھىرىدە شەھەرگە ھۆسن بېغىشلاپ تۇرغان يېشىللىق قورغىنىغا ئايلانغانلىقىدىن زوقلاندىم. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر-بازارلىرىغا تىكىلگەن، ئاللىقانداق يەرلەردىن قىممەت باھادا كەلتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشالماي، تالاشتۇرۇشتا يېگىلىپ قىلىپ سالپىيىپ قالغان لالما ئىتلاردەك سولىشىپ تۇرغان مەنزىرە دەرەخلىرىنىڭ ھالىنى بۇيەردىكى دەرەخلەر بىلەن سېلىشتۇردۇم. شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئاپتاپلىق ـ تاقىر مەنزىرىسى بىلەن جىڭجۇ كوچىلىرىدىكى نەچچە قەۋەتلىك بىنالار بىلەن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك مەنزىرە دەرەخلىرى قەلبىمدە ئاچچىق ئىزتىراپ ۋە ھاياجان قوزغىدى. قارىغۇلۇق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئايلىنىپ قالغان يۇرتۇم ئېسىمگە كەلدى. مۇشۇ خىياللارنى قىلىۋاتسام، تۇيۇقسىز بېشىمدا مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىرخىل قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قۇشقا ھەۋەس قىلىدىغان بىرەر شەھەر ئاھالىسى بالكوندا باققان قۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئەتراپقا سەپسالدىم. كۆزۈم بىر دەرەخنىڭ شېخىدا سەكرەپ يۈرگەن بىرنەچچە قۇشقا ۋە تېرەككە ئوخشايدىغان بىردەرەخنىڭ پۇتىقىنىڭ غولىنى چوقۇۋاتقان تۆمۈر تۇمشۇققا چۈشۈپ، تاڭ قالدىم.

ئىلگىرى، مەن ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ چوڭ شەھەر ئۈرۈمچى قۇشلارغا ماكان بولۇشقا مۇۋاپىق شەھەر ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەردە قۇشلار ئىچىدىكى ھاياتى كۈچى ئەڭ زور قۇش ئاق قۇشقاچتىن باشقا قۇشلارنى كۆرمەك تەس ئىدى. بەزىدە ئېزىپ-تېزىپ بەزى قۇشلارنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندەك بولىسىز. ئەمما شۇ قۇشنىڭ سوغۇق نەپەسلىشىپ كەتكەن بۇشەھەردە ئۇۋا سالغانلىقىغا ئىشەنمەيسىز. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ئېڭىمدىكى قۇشلار دۇنياسى بىلەن شەھەر سىغىشمايدىغان ئىككى دۇنيا ئىدى. جىڭجۇ ـ مەن ھاياتىمدا تەپسىلىي كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىككىنچى چوڭ شەھەر (جىڭجۇ شەھىرىنىڭ كۆلىمى ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە ھەسسە چوڭ) قۇشلار بىلەن شەھەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كۆزقارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئەجىبا، جىڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ خېنەن يېزىلىرى قۇشلارغا تولغان جەننەتمۇ يا؟ خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى ئىرەمباغ خەنزۇلارنىڭ بارلىقىغا كەلگەن ماكانى بولمىش ئوتتۇرا تۈزلەڭدە قايتا بارلىققا كەلدىمۇ يا؟

مەن كاللامدا پەيدا بولغان بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن خېنەن يېزىلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈشنى نىيەت قىلدىم ۋە بىر شەنبە كۈنى قۇرۇپ كېتىشكە يۈز تۇتقان سېرىق دەريا (خۇاڭخې) نى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە يېزىلارنى ئارىلىدىم. ئەپسۇس، بىركۈنلۈك زىيارەت جەريانىدا بىر نەچچە يېزىنى ئايلانغان، ھەتتا ئېتىزلارنى بويلاپ پىيادە ماڭغان بولسامۇ بىرەر قۇش ئۇچرىتالمىدىم (ئەلۋەتتە، يېزىلاردا ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالغان، كاتەكتىن قېچىپ چىققان توخۇ، غاز-ئۆردەكلەر بۇنىڭ سىرتىدا). پەقەت يول بويىدىكى ساپسېرىق چېچەكلەپ كەتكەن ئەتىيازلىق يېسىۋىلەكنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كېپىنەكنى كۆردۈم. مەن يېزىلارنى ئايلىنىپ كۆرگەن، يولۇقتۇرغان يېزىغا خاس ئۇچار-قانات پەقەت شۇ كېپىنەك بولدى. بەلكىم مەن يېزىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن بولۇشۇم، مەن كۆرگەن يېزىلار ئاپتوموبىللار مىغىلداپ تۇرغان تاشيولغا يېقىن بولغاچقا، قۇش-قاناتلار ئۈركۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇ خىياللار بىلەن شەھەرگە يېنىپ كەلدىم. يەنە بىر كۈنى پۇرسەت بولسا شەھەردىن تازا يىراق بىر يېزىغا بېرىپ قۇش-قاناتلارنى كۆرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

جىڭجۇنى ئايلىنىش جەريانىدا بىرنەچچە كوچىدىكى ئاسمانپەلەك دەرەخلەرنىڭ قۇش ئۇۋىسى بىلەن تولغانلىقىنى كۆردۈم. يوللار قۇش ماياقلىرى بىلەن تولغانىدى. خىلۋەت سەھرالاردىلا بولۇدىغان بۇ ھالەت مېنى ھەيران قالدۇردى.

ـ بۇ ئاققۇتان قوغداش رايونى، ـ دېدى مېنى باشلاپ چىققان خەنزۇ.

ـ بۇ دۆلەت دەرىجىلىك قوغداش رايونىمۇ؟ ـ دەپ سورىدۇم.

ـ بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

كېيىن بىرنەچچە كىشىدىن بۇ ھەقتە سوراپ باقتىم، ھېچقايسىسى ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى.

ـ ئاققۇتانلار ئۇۋا تۇتقان كوچىلارنى دەمسىز، ـ دېدى بىر كۈنى بىر خەنزۇ زىيالىيسى ئاچچىق كۈلۈپ، ـ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ھېچقانداق دەرىجىلىك قوغداش رايونى ئەمەس، ئۆزى تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغان...

مەن ئۇچراتقان بۇ زىيالىي تەنقىدىي پىكىرگە ئامراق ئادەم ئىدى. بايقىشىمچە، خېنەندىكى بىلىملىك دەپ قارىغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئاچچىق گەپ قىلىشقا خۇمار ئىدى. مەن پاراڭلىشىۋېتىپ شەھەردىكى قۇشلار ۋە يېزىلارنى ئارىلاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنى دېدىم. ئۇ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئېغىر تىنىپ جاۋاب بەردى:

ـ قۇش-قانات كۆرىمەن دەپ يېزىغا چىقىشىڭىز ھاجەتسىز. يېزىلار دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن بۇلغىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇيەردە ياۋايى قۇشلارنى كۆرىمەن دېيىش ئەخمىقانىلىق. ئۇلار ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتەكتىن چىقىپ زەھەرلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. قارىماقسىز، ئەشۇ ئاققۇتانلار ۋە شەھەردىكى باشقا قۇشلار يېزىلاردا ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ شەھەردە

ئۇۋۇلاۋاتامدۇ؟

ھاڭ-تاڭ قالدىم. ياتىقىمغا كىرىپ تورۇسقا قاراپ يېتىپ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئەجەبلىنىشىمنىڭ ئورنىنى خورسىنىش ئىگىلىدى.

راست، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. مىسالى، چاشقان دورىسى مۈشۈكنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى. يېزىلاردا ئاندا-ساندا ساقلىنىپ قالغان مۈشۈكلەرنى زەھەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئۆيدە باغلاپ باقىدىغان بولدۇق.

تور سېلىپ قۇشقاچ تۇتۇپ، ئېتىزلاردىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى كار قىلالمىغان زىيانلىق قۇرتلارنى ئۆزىمىز قول سېلىپ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قۇشقاچنى يەۋېتىپ قۇشقاچچىقا ئايلاندۇق. دۇنيادىكى ھاشار تارىخىغا قۇرت تېرىش ھاشىرى، چاشقان ھاشىرى دەيدىغان ئەڭ يېڭى ۋە بىمەنە ھاشار تۈرلىرى قوشۇلدى.

بىر چاغلاردا كىشىلەر ئېرىقتىن دۈم يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچەتتى. ئەڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرمۇ ئېرىقتا كىر يۇمايتتى. مانا ھازىر ئېرىقتىكى سۇغا قاراپ بىرچاغلاردا دۈم يېتىپ ھۇزۇرلىنىپ سۇ ئىچكەنلىرىمىز يادىمىزغا يېتىپ ئىچىمىز ئاچچىق بولىدۇ. ئاياللارنىڭ سوپسۈزۈك ئېرىقلارغا كۆسار چىلاپ كىر يۇيىۋاتقانلىقىنى، يوندا تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرمەك تەس ئەمەس.

خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ئۆسۈپ تەييار بولغان ئاش-ئۇزۇق، سەي-كۆكتات، قوش-ھايۋان گۆشلىرى تېنىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئەركەكلىكىمىزنى يوقاتتى، لاتىلىشىپ كېتىۋاتىمىز. بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ساقايماس كېسەللەر ئەمدىلىكتە كۈنسايىن ئاۋۇپ، ھەممىمىز ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەيدىغان بوپقېلىۋاتىمىز (مۇھەررىردىن). تەبىئىيكى، تەندىكى چېكىنىش روھتىكى زەئىپانلىققا بىۋاستە سەۋەب بوپقېلىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

تېخى يېقىندىلا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە باشقا بىرنەچچە دۆلەتنىڭ جۇڭگونىڭ چاي، ھەسەل، كۆكتاتلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنى تەركىبىدىكى ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ماددىلار چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، دېگەن سەۋەب بىلەن ئىمپورت قىلىشنى توختاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر «پايدىلىنىش خەۋىرى» گېزىتىگە بېسىلغانىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېنەن يېزىلىرىنىڭ بۈگۈنى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئەتىسىمۇ نېمە؟ جېجۇنىڭ بۈگۈنى ئۈرۈمچىنىڭ ئەتىسى بوپقالامدۇ؟ ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىتى ياخشىلىنىپ قۇشلارنى جەلپ قىلسا، ھەقىقەتەن ياخشى ئىش. لېكىن يېزىلارنى بولغاش ھېسابىغا شەھەرنى تۈزەش، بىپايان ئۇيغۇر يېزىلىرىدىن ۋاز كېچىپ كىچىككىنە ئۈرۈمچىگە ئىگە بولۇش ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئەمما بىزگە يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان رېئاللىق تولىمۇ ئاچچىق. . .

مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر ياخشى ئىش. بايقاش، تەبىئىيكى كۆڭۈل بۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تېپىپ چىقماق ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. ھەل قىلىش ئۇسۇلى تېپىلىپ بولغۇچە كېسەلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر بىزگە ناتونۇش ئەمەس.

بۇ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان تۈپ سەۋەب زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن 5000 يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىز پەخىرلىنىدىغان جۇڭگودا، ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت سانالمىش خەنزۇلار بارلىققا كېلىپ كۆپەيگەن ماكاندا بۇ پاجىئە يۈز بېرىدۇ؟

يېزىلار بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىنىدۇرمىسى بىلەن تولغان مۇستەھكەم مەدەنىيەت، ئەخلاق ئىستىھكامى، دەپ قارىلاتتى. ئەجەبا، بۈگۈنكى كۈندە. . .

تولا خىيال قىلىپ بېشىم قاتتى. ئاخىرى ئېسىمگە دىنىي رىۋايەتلەردىكى بىر كالپۇكتا يەردىكى، بىر كالپۇكتا ئاسماندىكى ھەممىنى يالماپ يۇتۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يەجۇجى - مەجۇجى ھەققىدىكى رىۋايەت كەلدى. مەن ئىلگىرى يەجۇجى - مەجۇجى بەكمۇ يىراقتا دەپ ئويلايتتىم. خېنەندىن ئۇيغۇر يېزىلىرىغىچە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى خىيال قىلىپ چۆچۈپ كەتتىم. يەجۇجى-مەجۇجى ھازىر يېنىمىزغىلا پەيدا بولغان، ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى نەچچە مىليون ئۇيغۇرمۇ يەجۇجى-مەجۇجىگە ئايلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

جېڭجۇ شەھىرىدىكى دېرىزىسىدىن يەنە بىر ئىدارىنىڭ ھويلىسىدىكى چېچەكلەپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنى كۆرگىلى بولىدىغان ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ ئۆز-ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم: سەھرالاردىكى ئېسىل پەزىلەت يوقىلىپ، قۇشلار شەھەرگە يۆتكەلدى. شەھەردىن بىزار بولۇپ، سەھرانى خىيال قىلىۋاتقان، سەھرادا - ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆتكەن قوينىدا، قوش-قانات، گۈل-گىياھلار ئارىسىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن «ئېلېكترون دەۋرىدىكى زاھىد»لىرىمىز (مۇھەررىردىن) ئەمدى قانداق قىلار؟

2002-يىل 30-مارت، شەنبە، شەھىرى جېڭجۇ

## ساختىلىق ۋە تەرەققىيات

خېنەنگە ماڭار چېغىمدا ئۈرۈمچىدىكى ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ تونۇشلىرىم خېنەن ھەققىدە نۇرغۇن ئىزاھاتلارنى بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىدا خېنەن جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ساختا مال ياسايدىغان زاۋۇت، خېنەنلىكلەر جۇڭگودىكى قاقتى-سوقتى قىلىشتا ھەممىدىن ئۇستا، زىيادە ئەقىللىق كىشىلەر ئىدى. بولۇپمۇ خەنزۇلار خېنەنلىكلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە چىرايلىرى كەكرى يەۋالغاندەك پۈرۈلۈپ كېتەتتى. مېنى بىر تالاي دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاگاھلاندۇراتتى. لېكىن مەن خېنەنگە بارغانلىقىمدىن - بۇيەردىكى ئەڭ ئەقىللىق - ئەڭ ھىيلىگەر خەنزۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ-ياشايدىغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم. بەزىلەر

باردىغان ئورنۇمنى خېنەندىن باشقا جايغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپمۇ بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە مېنى خېنەندە جاپا تارتىپ قالمىسۇن، ئالدىنىپ كۆڭلى ئاچچىق بولمىسۇن، دېگەن ياخشى تىلەك بار ئىدى. لېكىن مەن باشقا ئۆلكىگە بېرىش پۇرسىتىدىن قەستەن ۋاز كەچتىم. جۇڭگودىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئادەم ئەڭ زىچ بۇ ئۆلكە يۇقىرىقىدەك ھەرخىل سۈپەتلىرى بىلەن مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. مېنىڭ بۇخىل تەۋەككۇلچىلىكىمنىڭ مەقسىتى ئۆزۈمنى قەھرىمان سانىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق بىرجايدا بەش-ئالتە ئاي ياشاپ بېقىپ، خەق ئېيتقان سۈپەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئىدى.

خېنەنگە كېلىپ پويىزدىن چۈشكەندىن تارتىپ، كاللامدا شىنجاڭدا كەمدىنكەم كۆرۈلىدىغان ھوشيارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. گۇمانخورلۇقۇمغا تېخىمۇ زور گۇمانخورلۇق قوشۇلۇپ، ھەممە نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇم. ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە ماڭا قاراپ كۈلگەنلەرنى دوست ھېسابلايتتىم، ھازىر خېنەندە ئويلىنىپ باقىدىغان بولدۇم. ئۈرۈمچىدە ئالدىراقسان-تەنتەك ئىدىم، ئويلانمايلا ئىش قىلىدىغان، سۆزلەپ سالىدىغان مىجەزىم بار ئىدى، خېنەنگە كېلىپلا بۇ مىجەزىم ئۆزگەردى. ئىككى ھەپتە ئۆتمەي كەمسۆز، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

ئۈرۈمچىدە سەل بىكارچى، ئەخمەق ئىدىم، خېنەندە ھېچكىم ئىشقا بۇيرۇمىسىمۇ ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم تېپىپ قىلىدىغان، مەقسەتلىك ئىش قىلىدىغان بوپقالدىم.

نەق گەپكە كەلسەك، ئۈرۈمچىدە باشقىلارنىڭ سۈپەتلىشى بىلەن خېنەننى ساختا ماللار بىلەن تولغان دۇنيا، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن بىرنەرسە ئالغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان، ھۆكۈمەت ساختا مال يوق دەپ بېكىتكەن ، كىمكى ساختا مالنى بايقىسا، مۇكاپات بېرىدىغان ماگىزىنلاردىن مال ئالدىم. خېنەنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ھەممە خېنەنلىكتە ئورتاق ھالدا ساختا مالدىن قورقۇش ھېسسىياتىنىڭ بارلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى سەزدىم ۋە تۇيۇقسىز بۇ ئېھتىيات تۇيغۇسىنى، خېنەننى ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتى، دەپ قارايدىغان قاراشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى سەزدىم. بۇ قاراش يەنە خېنەنلىكلەرنى ئالاھىدە ھوشيار قىلىپ قويغانىدى. بۇخىل ھوشيارلىق بازارغا تەسىر قىلغان، بازارلاردا شۇ سەۋەبتىن ساختا مەھسۇلاتلارغا ئورۇن يوق ئىدى. خەلقنىڭ ھوشيارلىقى ساختا مەھسۇلاتلارنى ئۆزلىكىدىن بازاردىن سىقىپ چىقارغانىدى.

ئەجىبا، خېنەن ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان «زاۋۇت» تۇرۇپ، خېنەندىن ساختا مەھسۇت تاپقىلى بولمىسا...؟ ياكى ئۇلار ساختا مەھسۇلاتلارنى خېنەندە ئىشلەپ، شىنجاڭغا ئاپىرىپ ساتامدۇ؟ شىنجاڭنى، ئۈرۈمچى بازارلىرىدىكى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇدىغان ساختا مەھسۇلاتلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بىردىن كۆڭلۈم ئاچچىق بولدى.

ھازىر ھەقىقىي ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتى خېنەن ئەمەس، شىنجاڭ دېسەك توغرا بولاتتى. ياق، شىنجاڭنىڭ ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت دېگۈچىلىك ئورنى يوق ئىكەن، ئۇنى ئەڭ چوڭ ساختا مەھسۇلات بازىرى دېسە، ئەڭ توغرا بولىدىكەن...

ساختىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇقەررەر جەريان. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ساختىلىق ھادىسىسىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەقلىد ۋە كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىسى بىلەن ئوخشىتىش مۇمكىن. لېكىن ساختىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ناچار رول ئوينىغاندەك قىلغان بىلەن، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈچىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇجەرياندا شۇ رايوننىڭ تېخنىكا كۈچى پىشىپ يېتىلىدۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋار ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ھوشيارلىقى ئاشىدۇ. ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانى راست مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدۇ. ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزمەھسۇلاتىنىڭ ئەسلى مەھسۇلات بىلەن چاتمايدىغان بولۇشىنى قوغلىشىپ تېخنىكا يېڭىلايدۇ، ئىزدىنىدۇ.

مەن خېنەن گېزىتلىرىنى ۋاراقلاپ، بۇ ئۆلكىدىكى سانائەت قوشۇنىنىڭ كونىسىرى كۈچىيىۋاتقان نەرەساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ماڭا تەسىر قىلغان يەنە بىر ۋەقە، ئاۋام پۇقرادىن تارتىپ ئەمەلدارغىچە خېنەننىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى مۇھەببەت بىلەن سېتىۋالاتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ماگىزىنلاردا ئاساسەن خېنەندە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار كۆرۈنەرلىك يەرگە تىزىپ قويۇلاتتى. خېنەندە بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر سانائەت يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن قوللىشىغا سازاۋەر بولاتتى. گەرچە بىز بۇ خاھىشنى تار مەھكىمىچىلىك خاھىشى دەپ قارىساقمۇ، خېنەنلىكلەرنىڭ بۇنداق خاھىشى باشقا ئۆلكىلەرگە ياقمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. چۈنكى بۇنداق خاھىشتىن ئۆزلىرىگە پايدا كېلىدىغانلىقىنى ھەممە خېنەنلىك ئوبدان بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن خېنەندىكى تىراژى ئەڭ كۆپ گېزىت «دەريا گېزىتى» دىن، خېنەندە بىر چىش پاستىسى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، خېنەنلىكلەرنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنىڭ چىش پاستىسىنى ئىشلىتىش تارىخىغا خاتىمە بەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ ھاياجانلاندىم. مەن خېنەنگە كېلىش ئالدىدا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرغان خوتەندىكى «كرىوران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ئىشلەپچىقارغان «ئاق لالە» ماركىلىق چىش پاستىسى ۋە «سىيادان» ماركىلىق سوپۇنلاردىن بىر يۈرۈش ئېلىۋالغانىدىم. خېنەندە تۇرۇپ مۇشۇ بۇيۇملارنى ئىشلەتكەن چاغدا قەلبىمدە ئىختىيارسىز بىرخىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

خېنەنلىكلەرگە شۇنەرسە ئايانكى، خېنەندە بىر زاۋۇت قۇرۇلسا، بىرمۇنچە خېنەنلىك خىزمەت تاپىدۇ، خېنەنلىكلەر ئۆزىدە چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالسا، خېنەن زاۋۇتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ، زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان ۋە زاۋۇت قۇرغان خېنەنلىكلەر بېيىيدۇ.

بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شۇنداق ئاڭ بارمۇ؟ مېنىڭچە، ھەريىلى شىنجاڭغا كېلىپ پۇل تېپىپ كېتىدىغان نەچچە مىليون مەدىكاردا، ھەريىلى چاغاندا يۇرتىغا قايتىپ، تاپقان پۇلىنى خەجلەپ كېلىدىغان كىشىلەردە بۇنداق ئاڭنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھامان ئۆز يۇرتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزدىچۇ؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلاردىچۇ؟ ئۆز يۇرتىمىزنىڭ سانائىتىنى سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان تۇيغۇ بارمۇ-يوق؟ مەن ئويلا-ئويلا بۇ تۇيغۇنىڭ ھاراقكەش-لەردە كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى شىنجاڭنىڭ ھاراقكەشلىرى شىنجاڭنىڭ ھارىقىدىن باشقا ھاراقلارنى ئىچىشنى ياقتۇرمايتتى. ئەجەبا، مېڭىسى ئىسپىرت بىلەن زەھەرلەنگەن، تولا ئىچىپ ئەرلىكى يېگىلەپ كېتىۋاتقان بۇ زەئىپ ھاراقكەشلەرنىڭ يۇرت سۆيگۈسى باشقا ساغلام كىشىلەردىن ئارتۇق بولسا؟ . . . مەن بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنىمۇ خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن سەزدىم. چۈنكى ئىچكىرىنىڭ ھاراقلىرى شىنجاڭ ھاراقلىرىدەك كۈچلۈك، يۇقىرى گرادۇسلۇق بوپكەتمەيدىكەن. ئەسلى ھاراقكەشلەرنىڭ يۇرت سۆيگۈسى ئۇلارنىڭ ئىسپىرت خۇمارىدىن كەلگەنىكەن.

خېنەنلىكلەر خەق سۈپەتلىگەن كەبى شۇنداق ھىيلىگەر-ئەقىللىقمۇ؟ مېنىڭچە، شۇنداق. خېنەنلىكلەر ياشاۋاتقان مۇھىت، نوپۇسنىڭ كۆپلىكىدىن كېلىپ چىققان كەسكىن ھاياتلىق رىقابىتى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان؛ ھىيلىگەر ۋە ئەقىللىق دېگەن سۈپەتنى خېنەنلىكلەرگە بىرخىل ھوشيار، كۆپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۆزئىشىغا پۇختا مىجەزنى ئاتا قىلغان. . .

مەن خېنەنلىكلەر بىلەن ياشاش جەريانىدا خېنەنگە خاس شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقىدىم: ئاق كۆڭۈللۈك ئەقىلنىڭ دۈشمىنى، ئاق كۆڭۈللۈك ماھىيەتتە بوشاڭلىق، شۇڭا، خېنەندە ئەقىللىقلەر تولا، ئالدانغۇچىلار ئاز. ھەممە ئادەم زىيادە ھىيلىگەر ۋە ئەقىللىق بولغاچقا، ئۇلار بۇ ئىقتىدارنى ئۆزئارا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. . . شۇنىڭ بىلەن خېنەندە ساختا مەھسۇلاتلار زاۋۇتى دەيدىغان ئاتاق پەيدا بولغان. . . لېكىن بۇ ئاتاق خېنەندە ساختا مەھسۇلات بولماسلىقىنى ياكى ساختا مەھسۇلات بولسىمۇ، خېنەنلىكلەرنىڭ سېتىۋالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. . . چۈنكى ئۇلار ئۆزى توقۇغان يالغان گەپكە ئۆزى ئىشىنىپ قالىدىغان نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇرلار ئەمەستە.

2002-يىل 1-ئاپرېل، شەھىرى جېڭجۇ

## ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىلىم-پەن روھى

باشقا ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار خېنەنلىكلەرنى بەك ئەقىللىق، دەپ ئاھ ئۇرىدۇ. بۇنداق ئاھ ئۇرۇشنىڭ كەينىگە ناھايىتى كۈچلۈك ھەسەتخورلۇق ۋە قايىللىق يوشۇرۇنغان.

خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەرنىڭ ئورغۇپ تۇرغان ئەقىل-پاراسىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. پويىزغا چىققان ۋاقتىمدا خېنەن ھەققىدە نۇرغۇن خىياللاردا بولغان. بولۇپمۇ ئەقىللىق خېنەنلىكلەر بىلەن دەرقەمدە تۇرۇپ ئالاقىدە بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈمدە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. بۇنداق قانائەت تۇيغۇسى ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىق تەرىپى تەپەككۇرۇمنى قوزغاپ، ماڭا يېڭى تەسەۋۋۇر-پىكىرلەرنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىرى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدە بولمىش ماكانلىرىدىن بىرى خېنەن ۋە خېنەنلىكلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، خەنزۇلارغا بولغان ھەقىقىي چۈشەنچەم ھېسسىيلىكتىن ئەقلىيلىككە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى.

خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەرنىڭ ئەقلى ھەققىدە ھېس قىلغان، يەكۈنلىگەن خۇلاسەم ئىككى بولدى: بۇخۇلاسىلەردىن سەپەر جەريانىدا ئىختىيارسىز خېنەنلىكلەر ھەققىدە قىلغان خىياللىرىمنىڭ تولىمۇ يۈزە-باللارچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەن يولدا خېنەنلىكلەرنىڭ بۇنداق ئەقىللىق بولۇشىدا خېنەننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە كېلىماتىدىكى بىرەر ئالاھىدىلىك رول ئوينىغانمۇ يا؟ دەپ ئويلىغان ۋە ئۇلار خەنزۇلار ئىچىدىكى ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن گىن ئەۋزەللىككە ئىگە بىر توپمۇ يە، دەپ گۇمانلانغانىدىم.

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، خېنەندە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى قوزغاپ، بۇخىل قابىلىيەتنىڭ باشقا يەر كىشىلىرىگە قارىغاندا تېزراق يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت يوق. ھەتتا جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئادەم تەپەككۇرىنى قوزغىتىشتىكى ئەۋزەللىكى نۇقتىسىدا خېنەننىڭ جۇغراپىيىسى تارىم ۋادىسىدىكى مۇھىتقا يەتمەيدۇ. تارىم ۋادىسى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆچمە قۇملۇق چۆل تەكلىماكان بىلەن ، ئەڭ تاقىر، ئىنساننىڭ ياشاپ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەيدىغان تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان. بۇخىل ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەردائىم بۇ ۋادىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋدىغان ھالاكەت كرىزىسى ئادەملەرنى ھاياتلىق ئۈچۈن يېڭى يول ، يېڭى تەدبىر تېپىشقا قىستايدۇ. خېنەندە بۇنداق ئامىل ناھايىتى كەم. خېنەننىڭ زور كۆپچىلىك زېمىنى تۈزلەڭ ۋە مۇنبەت يەرلەر.

ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەكمىزمۇ خېنەنلىكلەردە باشقا خەنزۇلاردىن پەرقلىنىدىغان، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان ئىرسى بەلگىلەر يوق.

www.uyghurkitap.com

بۇيەرنىڭ كىشىلىرىمۇ باشقا خەنزۇلاردەك ئەڭ كاتتا سورۇنلاردىمۇ، مىسالى دەرسخانا، يىغىن زاللىرىدىمۇ ھۆزۈرلىنىپ مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ راھەتلىنىپ يۈرىدۇ. لېكىن تاملارغا قەدەمدە بىر «خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك، ئەخلەت تاشلىماسلىق» دېگەندەك شوئارلارنى ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويۇشىدۇ. بۇلار بىللە ياشىسىڭىز ئۇلاردىكى ئەڭ مۇھىم ئۆزگىچىلىك، ئېغىزدا توۋلاۋاتقان شوئار بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ زادى ماس كەلمەيدىغان بىر ئالاھىدىلىكنى بايقايسىز. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە قىسمىدىن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ نەزىرىدە شوئار پەقەت شوئار. جانبازلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن كىنولاردىكى مەردانە قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى پەقەت بۇلارنىڭ خىيالىدىكى ئۆزىنى بىز شۇنداق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ياكى بىز شۇنداق بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى، دەپ قارايدىغان پۈشمىغان خىيال ۋە ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان خىيال، ھەتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق خىيال. . .

ئەمما خېنەندە بىز دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ھەتتا تەدبىقلىساق ئارتۇق كەتمەيدىغان بىرنەچچە ئەھۋال بار. بۇ ئەھۋاللار دائىم خېنەنلىكلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ياشاشقا، ھاياتلىق كۈرىشىگە بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ.

بىرىنچى، خېنەنلىكلەرنىڭ ئۆز مۇھىتىغا بولغان تونۇشى ناھايىتى رېئال، رومانتىكىدىن يىراق. ئۇلاردا خېنەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بار، لېكىن بۇخىل مۇھەببەت ئۇلاردا خېنەنىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ چۈشىنىشىگە توسالغۇ بولالمايدۇ. ئۇلار يۇرتىغا بولغان مۇھەببەتنى ناھايىتى ساددىلارچە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدىغان ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. مىسالى، ئۇلار خېنەنىنىڭ 100مىليون نوپۇسى بار، جۇڭگودىكى ئاھالىسى ئەڭ جىق، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى نىسبەتەن ئاز ئۆلكە ئىكەنلىكىنى زادى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بۇخىل ھالەت ھەردائىم ئۇلارنى 100مىليون ئادەم ھاياتلىق رىقابىتىگە چۈشىدىغان جەڭگاھتىن بىركىشىلىك ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن تىنماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

بىزدە ئەھۋال باشقىچە. تەشۋىقاتىمىزدا شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل، دۇنياغا داڭلىق گۆھەر ماكان، يەرمەيدانى جۇڭگونىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان رايون. بۇيەردە بىپايان يايلاقلارغا مال-چارۋىلار پاتماي قالغان، خامانلارغا ئاشلىق-پاختا تاغدەك دۆۋىلەنگەن، ھەتتا بۇيۇرت تۆت كەتمەن قازسىلا نېفىت ئېتىلىپ چىقىدىغان سىرلىق يەر. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون، ھەركۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كېلىدىغان نوپۇسى ناھايىتى ئاز. ئەمما بۇبىپايان زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئادەم ياشاشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چۆل-جەزىرە. ھەتتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا يىلنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك بوران چىقىپ توپا ياغىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگەندە باشقا يەردىكىگە ئوخشاش «سىم-سىم يامغۇر ياغىدۇ» دېيىش ئورنىغا «توپا ياغىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنىشىدۇ. مۇھىتتىكى بۇلغىنىش بۇ رايون ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەتتا بۇ ھالەت بۇرايوننىڭ نامراتلىقىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى. بۇ زېمىن ئۈچۈن سۇ نېفىتتىن قىممەت. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا ھەرىيلى تېرىم مەزگىلىدە قېرىنداش كەبىي ئۆتكەن كىشىلەر سۇ تالىشىپ (ماھىيەتتە بۇبىرخىل مەۋجۇدلۇق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى)، ئەڭ يېقىن قوشنىلار بىر-بىرىنى كەتمەن بىلەن چېپىشىدۇ. لېكىن تەشۋىقاتتا تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئاستىدا غايەت زور يەرئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بارلىقى پات-پات تەشۋىق قىلىنىپ تۇرىدۇ. خەلق ئۈچۈن تاغ-داللاردا سۇمەنبەسى ئىزدەپ يۈرگەن سۇبايلىقى مۇتەخەسسىسلىرى نېمىشقىدۇر ھەرىيلى نورغۇن يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى تاپقانلىقىنى جاكارلىشىدۇ. بۇخىل مەتبۇئات خەۋەرلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ، بۇجايدا سۇبايلىقى ھەقىقەتەن مول ئىكەن، دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تۇيغۇ رېئال مۇھىتقا ئېتىبار بەرمەسلىك ۋە قارىغۇلارچە ئېچىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

2001-يىل 20-ئاۋغۇستتا «11-نۆۋەتلىك ‹خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى›نى تارقىتىش ۋە‹يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 8-نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى›» غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىككى يۈزدەك ئەدىب خوتەنگە جەم بولدۇق. ھەتتا بۇيىغىنغا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا بىز خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ تەرەققىيات رايونلىرىدىكى ئاچقان بوزيەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇيەرلەرنى ئېچىش جەريانىدا قانچىلىك ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەدىبلەر تاقىر چۆلدە بەرپا قىلىنغان ئېتىزلارغا، ئورمانلىقلارغا قاراپ تەسىرلەنگەندەك قىلدىيۇ، تامچە سۇدىن دېڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ، قىلنى قىرىققا يېرىپ ئادەتلەنگەن بەزى تۇيغۇن ئەدىبلەر خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا«ئۇھ» تارتىشتى. خوتەندىكى بار بولغان تېرىلغۇ يەرلەر سۇغا قانمايۋاتقان، بۇخىل ھالەت خوتەنلىكلەرنىڭ نامراتلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان شارائىتتا، ئەدىبلەر ئۇھ تارتماي نېمە قىلسۇن؟ قانداقمۇ بۇنداق قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋپسىرىمەي تۇرالىسۇن. بەزى ئەدىبلەر ئېچىلغان يەرلەر بويىدا جۇل-جۇل كىيىملىرى بىلەن ئاۋغۇستنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا نامراتلىقتىن سوغۇقتا تىترىگەندەك تىترەپ تۇرغان دېھقانلاردىن «بىز

كۆرگەن يەرلەرنىڭ ئېچىلغان يەرلەرنىڭ ئوندىن بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، قالغان يەرلەرنىڭ ئەتىيازدا ئېچىلىپ، كۈزدە قۇمغا يەم بولۇپ» تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

بۇنداق مىساللار نۇرغۇن. نامراتلىق ئەڭ چوڭ پاكىت. جۇڭگودىكى زېمىنى ئەڭ كەڭ، يەرئاستى بايلىقى ئەڭ مول ۋە يەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن «ئەڭ»لەر بىلەن خىيالدا ئۆزىنى خۇش قىلىپ تۇرغان رايوننىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ نامرات رايون ئىكەنلىكى، جۇڭگودىكى ئەڭ نامرات ناھىيىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىكەنلىكى، ھەتتا شىنجاڭدىكى چوڭ ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى خوتەننىڭ ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامرات ناھىيە قالپىقى ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقى ئەڭ زور پاكىت. بىرنەچچە «ئەڭ»لەر بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىۋاتقان رايوندىكى قارا يۇمۇر...

نەق گەپكە كەلسەك، شىنجاڭنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى چۆل بولسا، يەنە ئۈچتىن بىر قىسمى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان تاقىرتاغ ۋە تاغ باغرىدىكى شېغىل تاشلىق سايلاردۇر. ئۇنداقتا قالغان ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىننىڭ ئەھۋالىچۇ؟ بىز ئىنچىكە ستاتىستىكا قىلساق، بۇ ئۈچتىن بىر قىسىم زېمىندىكى ئادەم ياشاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنىڭ ناھايىتى ئازلىقى ۋە بۇ ئاز زېمىننىڭ قارىغۇلارچە ئېچىش، قارىغۇلارچە دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇلغىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ھەتتا بۇبۇستانلىقلاردا ياشاۋاتقان نوپۇسنىڭ زىچلىقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئادىمى ئەڭ زىچ رايونلاردىن قېلىشمايدىغانلىقى نۇرغۇن جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە سىر ئەمەس.

مەن خېنەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا خەنزۇ كەسپداشلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنى ھەققىدە بەزى يۇمۇرلارغا دۇچ كەلدىم.

بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن تۇرالغۇ ئۆيى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ، 80 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىدىن زارلاپ (بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت‌تارىخى مەندىن ئۇزۇن ئەمەس ئىدى)، مېنىڭ تۇرالغۇ ئەھۋالىمنى سورىدى.

– سېنىڭ ئۆيۈڭ بىرەر يۈز كۋادرات مېتىر كېلەر، – دېدى ئۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەمەلىي ئەھۋالنى دەپ بەرسەم ئۇ ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى، يالغان ئېيتسام ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيتتىم. ئاخىرى زورىغا:

– ئۆيۈم ئىككى ئېغىز، 30 كۋادرات مېتىرغا يەتمەيدۇ، – دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ناۋادا مەن ئۆيۈمنىڭ 1950-يىللاردا قولنىڭ ئۇچىدىلا سېلىپ قويغان، نەچچە يېرىگە چاك كەتكەن، ھەپتىدە بىر قېتىم چاتىقى چىقىدىغان، پات-پات ئەۋرەز تېشىپ كېتىپ ئۆيلەرنى سېسىق سۇ بېسىپ كېتىدىغان بىر كونا ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ 2-قەۋىتىدە ئىكەنلىكى، ھەتتا بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرنەچچە يىل ھاجەتخانىسى يوق ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ بولۇپلا ھاجەتخانا ئىزدەپ تاماق سىڭدۈرگەچ سەيلىگە چىقىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەم بۇ ئوقۇتقۇچى تېخىمۇ ھەيران قېلىشى، ئېغىزىدا دېمىسىمۇ كۆڭلىدە مېنى يالغانچى، دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ قولىدىن ھېسداشلىق قىلىشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى، ماڭا يېڭى ئۆي ھەل قىلىپ بېرەلمەيتتى. پەقەت مەن ئائىلە سەتچىلىكىنى يېپىۋەتكەن ئادەم كەبىي ۋىجدان ئازابىغا قالاتتىم. خەنزۇ بۇرادەرلەرنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى كىتابتىن، تەشۋىقاتتىن ئېرىشكەن گۈزەل تەسەۋۋۇرى كۆپۈككە ئايلىناتتى.

قىسقىسى، خېنەندە شىنجاڭدىكىدەك ئۆز ئەھۋالىنى ئالاھىدە سۈپەتلەپ، ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان خاھىش يوق. ئۇلار رېئاللىققا نىسبەتەن ناھايىتى سوغۇققان، ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا نىسبەتەن ئانچە ئۈمىدى يوق. بارلىق ئۈمىدىنى ئۆز ئىقتىدارىغا، ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ بۈگۈنكىدەك ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا تەبىئىي مۇھىتنىڭ تەرەققىياتتا ئالاھىدە رول ئوينىيالمايدىغانلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىلىك كۈچىنىڭ پۇقرالارساپاسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا نېفىت زاپىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار زېمىنىدا ھېچقانداق بايلىقى يوق ئىسرائىلىيىگە بوزەك بولغىنى بولغان، دۇنيادا ياپونىيىدەك ئورنى يوق. شىنجاڭمۇ جۇڭگودىكى تەبىئىي بايلىقى ئەڭ مول، نېفىت زاپىسى ئەڭ كۆپ، لېكىن ئەڭ نامرات رايون...

خېنەنلىكلەردە بىزنى پەقەت مائارىپ ۋە ئۆز تىرىشچانلىقىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ دەيدىغان ئىشەنچ بار. شۇ سەۋەبتىن باشقا ئەھۋالنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت ھەريىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىدىغانلارنىڭ سانى جۇڭگو بويىچە ئەڭ كۆپ. ئۆتىدىغانلارنىڭ سانى ھەم ئەڭ كۆپ. ھەربىر مەكتەپتە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن...

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ۋە شۇئارقىلىق ئىنگلىز تىلى دۇنياسىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈپ، چەتئەلنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئارقىلىق ئۆز ئىستىقبالىنى تېپىش بۇيەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم تاللىشى.

مەن ئالىي مەكتەپلەرنى ئايلىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ بەكمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ھەتتا خېنەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاشخانىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا پىۋا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. لېكىن خېنەنلىكلەر بۇنىڭغا ھەيران قالمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ نورمال ئىش ئىدى. ئۇلار ھەيرانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى. شىنجاڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى بار ئامىللار بىلەن چەكلەپ تۇرۇپ، ھاراققا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل

ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلالماي يۈرگەنلىكىمىزنى بۇلار ئۇقمايتتى.

ئومۇمەن بۇيەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ هاراق ئىچىپ پوپاڭ كۆتۈرۈپ يۈرگىدەك ۋاقتى يوق ئىدى.

مەن خېنەندىكى ئومۇمىي خەلق ساپاسىدىكى مائارىپقا بولغان قىزغىنلىقنى تەتقىق قىلىپ، بۇ هەقتە هەرخىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، نېمىشقىدۇر بۇ ئىشلارنىڭ باشقا سەۋەبى باردەك هېس قىلىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن بىرۋەقە (بۇ ۋەقە مەن ئۈچۈن تۇيۇقسىز، لېكىن خېنەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ناهايىتى نورمال هەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى) چۈشەنچەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇيىل 6-ئاپرېلدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىنى ئاساسىي نىشان قىلغان خېنەن مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا «2002-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج يەرمەنكىسى» ئېچىلدى. يەرمەنكىگە ئادەم ئىشلەتكۈچى 30 دىن ئارتۇق ئورۇن قاتناشتى. مەن يەرمەنكىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاپقانلىقىنى، هەتتا بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن چوڭ شەهەر ۋە شارائىتى ياخشى ئورۇنلاردىن يېڭى خىزمەت تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇمەنزىرىگە قاراپ، يېڭى ئىرادىگە تولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنداق يەرمەنكە شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۈلمەيتتى. هەتتا مەن ئوقۇغان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ خىزمەت تاپقانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. 50 ـ 60 ئادەمگە بىرەرى توغرا كېلەمدۇ، ئۇقىلى بولمايتتى. بۇئەهۋال هازىرقىدەك ئالىي مەكتەپلەردە ئاساسەن خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، تىل خىزمەت ئىزدەشنىڭ توسالغۇسىدىن قالغان چاغدىمۇ قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق. نامرات ناهىيىلەردە هەرتۈرلۈك ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تاپالماي تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېشىپ قېلىش كرىزىسىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇئەهۋالمۇ مائارىپنىڭ تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ماس كېلەلمەسلىكىدىن كېلىپ چىققان، رايونىمىزغىلا خاس بولغان بىرقارايۇمۇر.

بەلكىم دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مائارىپنى ئەڭ مۇهىم تۈرتكىلىك ئامىل، دەپ قاراپ توم-توم كىتابلارنى يېزىۋاتقان جەمئىيەتشۇناسلار رايونىمىزدىكى قالاقلىق تۈپەيلىدىن ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان، جەمئىيەتتىكى يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەهۋالىنى كۆرسە هەيران قالار، ياقىسىنى چىشلەر. . .

ئۇنىڭدىن باشقا ، خېنەندە يەرلىك هۆكۈمەت نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققان. هۆكۈمەت تەدبىر تۈزۈپ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقا ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ، يەرلىكنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللەتكەن. شۇڭا، بۇئۆلكىدە نوپۇس ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى مۇقىمسىزلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى باشقا ئۆلكىلەردە مەدىكارلىق قىلىپ، بۇئۆلكىگە كىرىم قىلىدىغان پايدىلىق ئامىل. . .

قىسقىسى، بۇ ئۆلكىدە هۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ جانلىق يۈرگۈزۈلۈشى خېنەندىكى مائارىپ روهىغا ئىلھام بەرگەن. بۇيەردىكى ئالاهىدە مائارىپ روهىنى، مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋە شۇئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش روهىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. . .

شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مائارىپچىلار ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش ئەهۋالىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك، كەسىپ قۇرۇلمىسىدىكى نامۇۋاپىقلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئويلاپ قويمايدۇ. هەتتا بۇئەهۋالنىڭ ئاۋامنىڭ كاللىسىدا مائارىپقا، تۈزۈلمىگە بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇمەسىلىنى تەتقىق قىلغان سەزگۈر زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا مۇهىتىمىزدا ئەمدى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نادانلىقتا قالدۇرۇش تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈۋاتامدۇ، نېمە ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولماي تۇرالمايدۇ.

2002-يىل 6-ئاپرېل، دۈشەنبە، شەهىرى جېڭجۇ

## تىل

تىل ـ ستالىن ئېيتقان مىللەتنى شەكىللەندۈرۈدىغان تۆت مۇهىم ئامىلنىڭ بىرى، شۇنداقلا بۇئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ مۇهىم ئامىل. ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىينەزىرى بىلەن ئېيتقاندا، مىللەت ئاخىرى يوقىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىرخىل مىللىي تەپەككۇر، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي تىل ئۆزئىچىگە ئالغان مىللىي قۇۋۋەت يوقىلىدۇ. خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيىسىدىكى بىرزەنجىر ئۈزۈلۈپ، بىرتۈردىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندەك ئىش بولىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور يوقىتىش. لېكىن يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بولسا، مۇهىتنى بۇزغۇچىلارغا ئوخشاش جىنايەتچى ۋە جىنايەتنى هېسداشلىقنىڭ قانىتى ئاستىغا ئالغۇچىلاردۇر.

مەن كەڭ تارىم ۋادىسى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ باغرىدا يۈرۈش جەريانىدا ئانا تىلىم ـ ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىرىسقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى سەزسەممۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، ئۇلۇغلۇقىنى هازىرقىدەك هېس قىلمىغان، هېس قىلساممۇ قەلبىمدە هاياجان شەكلىدە پارتلاپ چىقمىغانىكەن. خېنەنگە كەلگەندىن كېيىن خېنەنلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىش، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا هال بىر ۋىلايەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆلىمىگە توغرا كېلىدىغان بوزيېرىندا ياشاش ۋە باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئاناتىلىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە يۈكسەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

خەنزۇلار ھەققىدە ئىنچىكىرەك ئويلىنىپ باقساق، بۇ مىللەتنىڭ نۇرغۇن تىل، دىئالېكت - شېۋىلەر ئاساسىدا خەنزۇ يېزىقىنى بىرلىك قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى بايقايمىز ۋە خەنزۇ يېزىقى بولمىسا بۇ مىللەتنىڭ تىلى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئېتنىك تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىمىز. شۇڭا، خەنزۇدىن ئىبارەت يېزىق ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن مىللەتنىڭ تىلى ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز.

مەن خېنەندە خەنزۇلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا جۇڭگودا نۇرغۇن يەرلىك تىللارنىڭ بارلىقىنى (خەنزۇلار ئىچىدىكى يەرلىك تىللار دېمەكچى)، بۇ تىللار ئارا تەرجىمانسىز سۆزلەشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بېيجىڭنى مەركەز قىلغان ئۆلچەملىك تىلنىڭ جۇڭگودىكى ئۆز ئارا ئالاقە تىلىغا ئايلانغانلىقىنى بىلدىم. مەكتەپتىكى ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە «ئورتاق تىلدا سۆزلىشەيلى» دېگەن مەزمۇندا شوئار چاپلانغانلىقىنى كۆردۈم. ھەتتا رادىئو ئاڭلاش جەريانىدا گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ئاۋازلىق مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆلچەملىك تىلدا ئاڭلىتىش بېرىشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلىدىمۇ ئاڭلىتىش بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. گۇاڭدۇڭلۇقلار ئىشلىتىدىغان مىننەن تىلى دەيدىغان تىلنىڭ بىز بىلىدىغان خەنزۇ تىلى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بىر تىل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ھەتتا تەيۋەندىكى تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسى ۋە قورچاق «رەئىس جۇمھۇر» چېن شۈيبيەننىڭ تەيۋەن تىلى دېگەن بىر تىل (مىننەن تىلى ئاساسىدىكى بىر تىلدەك قىلىدۇ) نى تەيۋەننىڭ «دۆلەت تىلى» دەپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆردۈم.

قىسقىسى، قاشقۇۋۇقتىن ئۆتۈپ ھەر 500 كىلومېتىر ماڭغاندا بىرنەچچە خەنزۇ تىلى دىئالېكت رايونىدىن كېسىپ ئۆتىدىغانلىقىمىزنى بايقاپ ھەيران قالدىم. خېنەندىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر ئۆلكىدىمۇ نۇرغۇن دىئالېكتلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم.

ئۇيغۇر تىلىغا نەزەر سالسام، ئۇنداق ھادىسىلەر يوق ئىكەن. ماشىنىدا شىنجاڭنى شەرقتىن غەربكە بىر قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، ئۈچ مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرسەكمۇ ئارىلىقىدا نۇرغۇن چۆل-جەزىرە سوزۇلۇپ ياتىدىغان، ھازىرقى زامان قاتنىشى تۈپەيلىدىن، يېقىنقى 10 - 20 يىلدا ئارىدىكى بېرىش-كېلىش نىسبەتەن قويۇقلاشقان دېڭىزدىكى ئاراللارغا ئوخشايدىغان بوستانلىقلار ۋە مۇشۇنداق كەڭ رايونغا جايلاشقان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقنىڭ يوقلۇقى، خوتەننىڭ ئەڭ چېتىدىن كەلگەن ئۇيغۇرنىڭ شىنجاڭنىڭ يەنە بىر چېتى قۇمۇلنىڭ ئاراتۈركتىن كەلگەن ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى قىلچە قىينالماي چۈشىنەلەيدىغانلىقى مېنى سۆيۈندۈردى.

ھەتتا ساياھەتكە چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ چېگرىسى بولغان ئىستانبۇل بوغۇزىغا قەدەر جايلاردا ئۇيغۇر تىلىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغانلىقى نۇرغۇن ئادەمگە ئايان. ناۋادا جۇڭگودا ئورتاق تىل ۋە خەنزۇ يېزىقى بولمىسا، بۇنداق قىلىش سەل تەستەك قىلىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ رولى ھەققىدە گۇمانلار كۆپىيىپ كەتتى. بىر تىلنىڭ رولى ھەققىدە گۇماننىڭ پەيدا بولغانلىقى شۇ تىلنىڭ ھالاكىتىنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر. لېكىن بىر تىل شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچىنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغلۇقىنى يوقاتمىسا، شۇ تىلنىڭ رولى گۇماندىن خالىي بولسا، ئۇ ھەرقانداق بېسىم ۋە ھۇجۇم ئالدىدىمۇ يوقالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى ھەققىدىكى گۇمانلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن، جۈملىدىن ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كەلگەن دېگەن قاراش. ھەتتا بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەللىك - ئاتمىش پىرسەنتى ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئەرەب-پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاز ئەمەس، ھەتتا تارىختا ئەرەب-پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش تۈركىي تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازغاندىن ياخشى، دەيدىغان قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، تۈركىي خەلقلەر ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە كۆرگەن چاغلارمۇ بولغان. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئىزچىل داۋاملاشمىغان بەلكى ئەلشىر نەۋائىي دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزگەرگەن. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى چەتكە قاقمايمىز. لېكىن بۇ ئەھۋاللار بىر مىللەت تىلىنىڭ شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەللىك پىرسەنت لۇغەت فوندىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ. بىر مىللەت تىلىغا شۇ دەرىجىدە تەسىر قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە شەرت لازىم.

بىرى، ئۇزاق مەزگىل باشقا مىللەتنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاش. تارىخقا نەزەر سالساق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئەرەب - پارسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان تارىخى بولغان. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمىش ماكانى بولغان تارىم ۋادىسى ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا ئەرەب - پارسلارنىڭ تۈركىي (تىللىق) مىللەتلەرنى ئىستېلا قىلىش تارىخىغا قارىغاندا، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى ئىستېلا قىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ھەتتاكى ئەرەبلەر كېيىنكى مىڭ يىلدا (مىلادى 1000-يىلدىن كېيىنكى تارىخ) ئاساسەن تۈركلەر ئىستېلاسىدا تۇرۇپ كەلدى. پەقەت 1914-يىلدىكى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇ ۋەزىيەت ئاندىن

ئۆزگەردى. بۇئۇزاق ئىستىبلا تارىخىدا ھازىرقى دۇنيا ئەرەب تىلىغا يېتەكچىلىك رول ئوينىۋاتقان مىسىر ئەرەبلىرىنىڭ تىلى ئوتتۇز - قىرىق پىرسەنتتىن ئارتۇق تۈركچىلىشىپ كەتتى. مانا بۇ، پاكىت. دېمەك بۇ ئەھۋالغا قاراپ «ھازىر بىز ئەرەب - پارسچە دەپ قاراۋاتقان نۇرغۇن سۆزلەر ئەسلى تۈركچە - ئۇيغۇرچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىغا كىرىپ كەتكەن بولسىچۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارماي تۇرالمايمىز. شۇنداق گۇمانلىنىپ باقساق، تامامەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

يەنەبىر شەرت، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇۋدىغان بىرمىللەت بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ياكى شۇمىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاش. . . بىز بۇتارىخنى ئاختۇرساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىغا ئەللىك - ئاتمىش پىرسەنت دېگۈدەك تەسىر قىلىپ كەتكەن، بىزدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈن تۇرغان مىللەتنى بايقىيالمايمىز. ئەرەب - پارسلار شۇنداق كۆچكە ئىگىمۇيا، بۇنداق بولۇشى ناتايىن.

مەن ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىيات بەتلىرىنى ھەربىر ۋاراقلىسام، ئەرەب-پارسلارنىڭ تىلىمىزدىكى تەسىرىدىن قۇسقۇدەك بولىمەن. لېكىن ئۇيغۇردەك خېلى كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە، ئۇيغۇر تىلىدەك تارىخىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مۇكەممەل تىلنىڭ ئەللىك - ئاتمىش پىرسەنت ئەرەب-پارس تىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشىغا گۇمان بىلەن قارايمەن، ھەتتا شۇنداق دېگۈچىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويىمەن.

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى گۇمانلارنىڭ يەنە بىرى، تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىنى مۇرەككەپ، تەتقىق قىلىنمىغان دەپ قاراپ، تەتقىقات جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنى قەستەن مۇرەككەپلىك يولىغا باشلاپ، ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇمۇرەككەپلىكنى تىلىمىزغا. ئارتىپ قويۇش. . .

ھەققەتەن ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئاڭلىغاندا، بۇنداق مۇجمەل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. بەزى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزى جاۋاب بېرەلمىگەن ياكى چۈشى پاتمىغان مەسىلىلەرنى بۇ مەسىلە تېخى تەتقىق قىلىنمىدى، دەپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. قىسمەن ئۇستاتراقلىرى ئۆزى بىلىدىغان ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاراكتېر جەھەتتە زادى ئوخشىمايدىغان خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا سىغداپ كىرگۈزۈپ ئىشنى تۈگىتىدۇ. بۇجەرياندا تېخى ئۇ ئۆز بىلىمىنى كۆز-كۆزقىلىش مەقسىتىگە يېتىشتىن باشقا، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا «بىلىملىك» دېگەن كاتتا تەسىرنى بېرەلەيدۇ. يەنە بەزىلەر خەنزۇ تىلى بىلەن رۇس تىلىنى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ پىشائىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. . . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەتقىقات مېتودى تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، بىھۇدە مۇرەككەپلىك ۋە مۇجمەللىك كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېخى تەتقىق قىلىنمىغان بۇ «گۆدەك» تىلىمىز باشقىلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچى تالاي كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك بالا ئويناپ چىگىشلىشىپ كەتكەن كاللەك يىپنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاددىي ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى شۇنداق مۇرەككەپ، ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەر بىلەن تولغان بىر تىلمۇ؟ تارىختا ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تەتقىقات بولمىغانمۇ؟ ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ھەققىدە توم-توم كىتابلارنى يازغان مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ سەككاكىيدەك ئالىملار ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا بويى يېتىشمەي، ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىش يولىنى تاللىۋالغانمۇ؟

ناۋادا ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن زادى يەنە بىر تىلنى پىشاڭ قىلىش، بازا قىلىش زۆرۈر بولسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا خېلى مۇكەممەل تەتقىق قىلىنىپ بولغان، گىراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، ئۆز دۆلەتلىرىگە دۆلەت تىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، شۇئەل خەلقلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىۋاتقان ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك تىللىرىنى پىشاڭ قىلمايمىز؟

مېنىڭچە، ئۇيغۇر تىلىدا مەسىلە يوق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىمۇ، قۇرۇلمىسىدىمۇ مەسىلە يوق. مەسىلە پەيدا قىلىۋاتقۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋدىغان ۋاستە قىلىپ تاللىۋالغان قىسمەن كىشىلەر، خالاس.

ھازىر ئۇيغۇر تىلى زامانىۋىلىشىش قانچە تەسىر قىلغانسېرى بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇمەسىلىلەرنى كۆپىنچە ھالدا تىلشۇناسلار ئەمەس، تىلنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاۋام خەلق ھەل قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ كۈچى چەكلىك، ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىقبالىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان تىلشۇناسلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە موھتاج. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىنسان تۈگەپ كەتكۈچە مەۋجۇد بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، يوقالمايدۇ، ھەربىر كۆڭۈل بۆلۈش ئۇنى يېڭى پەللىگە يۈكسەلدۈرىدۇ.

2002-يىل 6-ئاپرېل، شەھرى جېڭجۇ

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ھازىر خېنەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتىدۇ (M1)

uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى

مۇھەممەت زۇنۇن

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان 12مۇقام ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى،ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا،ئۇ،پۈتكۈل ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس،غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك - بىباھا مىراستۇر.ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھۆزۈر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا 12مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

12مۇقام 12 پارچە قامۇستۇر.ئۇلار: راك مۇقامى، چەببيات مۇقامى،مۇشاۋىرەك مۇقامى،چارىگاھ مۇقامى ،ئۆزھال مۇقامى،ئەجەم مۇقامى،ئۇششاق مۇقامى،بايات مۇقامى،ناۋا مۇقامى،سىگاھ مۇقامى،ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت بولۇپ، تولۇق بولغاندا 365 ئاھاڭ،2500مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تولۇق ئورۇنداشقا 24سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

12مۇقام ئەلنەغمە،مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە،يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ - قىيىن ئۇدار - رېتىمچانلىققا ئىگە. ھەربىر مۇقام ئۆزگىچە كۆي شەكلى ۋە خىلمۇخىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە» ،«داستان» ،«مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.12مۇقامدىكى «چوڭ نەغمە» ،«داستان» ، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باشلىنىپ،جانلىق ئېچىلىش،قىزغىن راۋاجلىنىش ۋە يېنىك چۈشۈرۈلۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ،ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

12مۇقام ناخشا - ئۇسسۇل،مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان،بېيىتقان ئېسىل سەنئەت بولغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت - ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى،باي

**ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى**

تارىخىي مەنبەدارلىقى، ئەخلاق ئىلمى،پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەتلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى،ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان،ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

12مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز تارىخىدا ئىككى قېتىم توپلىنىش، رەتلىنىش،قېلىپلاشتۇرۇلۇش،سەھنىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەك باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسىغا ئايلانغان.

بۇنىڭدىن 400نەچچە يىل ئىلگىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە،مەرىپەتپەرۋەر،مەدەنىيەت -سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى،مەشھۇر مۇقام ئۇستازى،شائىرە ئامانىساخاننىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكى، قىدىرخان قاتارلىق شەرقنىڭ مەشھۇر مۇقام-مۇزىكشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق خىزمەت كۆرسىتىشى، ھەرتەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر،شائىرلار، ئۇسسۇلچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي خىزمەت ئىشلەندى. ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلىپ، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى ۋە ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەم-قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئەسلىدە خەلق ئارىسىدا تارقاق، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن 17كۈي-مۇقام ئاساسىدا «12ئاي»غا،«12ۋاقىت ــ 24سائەت» كە،«365كۈن»گە ئۆلچەملەشتۈرۈپ، 12مۇقامنى ئىلگىرىكى نەغمە ۋە مەشرەپ ھالىتىدىن ،«چوڭ نەغمە»،«داستان» ، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن، ھەربىر چوڭ قىسىمدىكى مۇزىكىلار مۇقىم، قانۇنىيەتلىك بولغان نازۇك ئىچكى رىتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەركىبلەنگەن مۇكەممەل، ئىلمىي، چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن،قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇردى. بىز ھازىر ۋارىسلىق قىلىۋاتقان 12مۇقام ئەنە شۇ مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

يېپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى مەدەنىيەتكە،جۈملىدىن سەنئەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئەكەلدى. ئىلىم-پەن، سەنئەت ئورنىغا جاھالەت،نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. فېئودال،ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىشى،نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن 12مۇقام پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە 12مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى-ئۈچ نەپەر ياشانغان مۇقامچىلا قالغان بولۇپ، 12مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 12مۇقامنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن كۈچلۈك تۈردە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى 52يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق 12مۇقامنى قېزىش،توپلاش،رەتلەش،ئورۇنداش،سەھنىلەشتۈرۈش،نەشر قىلىش خىزمىتى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ قالتىس زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىرىنچى باسقۇچ 1950-يىللار بولۇپ، 12مۇقامنى سىمغا ئېلىش ئىشى 1950-يىلى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. شۇ يىلى ئاتاقلىق سەنئەت ئەربابى، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بايقاپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكە رەھبىرى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، قەشقەرلىق مۇقامچى قاسىم ئەلنەغمە، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا،ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايېفلارنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىشى،مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇنى ياردەمگە ئەۋەتىشى بىلەن شۇ يىلى 8-،9-ئايلاردا 12مۇقام، جۈملىدىن بىرقىسىم ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى سىمغا ئېلىندى.

1951-يىلى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا «مۇزىكا گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىپ، ۋەن تۇڭشۇ، زىكرى ئەلپەتتا باشلىق 12نەپەر خادىم ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن 12مۇقامنى توپلاش، سىمغا، لېنتىغا، نوتىغا ئېلىش، رەتلەش ،نەشر قىلىش،تەتقىق قىلىش بويىچە ئون يىل جاپالىق،ئەمما ئاجايىپ نەتىجىلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1955-يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان كۈنلەردە تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن 12مۇقامنى پۈتۈن تېكىستلىرى بىلەن ئوقۇپ چىقىشى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى بىلەن 12مۇقام قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پلاستىنكىغا ئېلىندى. شۇنداقلا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئەلنەغمە،روزى ھوشۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم مۇقام ئورۇنداشلىرىمۇ لېنتىغا ئېلىندى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا رەتلەنگەن كلاسسىك 12مۇقامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى،12مۇقامنى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن پېشقەدەم نامايەندە،بۈيۈك مۇقام ئۇستازى،تۆھپىكار مۇقامشۇناس بولۇپ،ئۇ، بۇ بۈيۈك تۆھپىسى بىلەن 1987-يىلى ب د ت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر شەخستۇر.

بۇ قېتىمقى 12مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەشكە شائىرلاردىن نىمشېھىد ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامىي، ئەرشىددىن تاتلىق، رەتلەنگەن تېكىستلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردى، تەرجىمە قىلىشقا شائىر،ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا،نوتىغا ئېلىشقا كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ ئىشتىراك قىلىپ،قالتىس خىزمەت كۆرسەتتى.

ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى ھەرمىللەت مۇزىكا خادىملىرى 1955-يىلىدىن 1960-يىلىغىچە،تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇن 1955-يىلى ئورۇندىغان 12مۇقامنى نوتىغا ئېلىپ نەشرگە تەييارلىدى.تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نوتىغا ئېلىنغان 12مۇقام 1960-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن 254نەغمە،2482مىسرا تېكىستتىن تەركىب تاپقان ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى ۋە شۇنىڭ بىلەن 12مۇقام قۇتقۇزۇۋېلىندى.

بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دەرھال جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. «خەلق گېزىتى»، «خەلق مۇزىكىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللار ئارقا-ئارقىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا نەتىجىسىنى تەبرىكلىدى ھەم 12مۇقام نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، بۇكلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنى «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراس» دەپ تەرىپلىدى؛ جۇڭاك مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا «نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» دەپ يۇكسەك باھا بەردى.

ئىككىنچى باسقۇچ 1976-يىلىدىن 1990-يىلىغىچە بولۇپ، بۇ باسقۇچتا 12مۇقام تېخىمۇ سىستېمىلىق توپلاندى، رەتلەندى ۋە نەشر قىلىندى. 1977-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدە مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1980-يىلى دېكابىردا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىسى، ھازىرقى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتنىڭ بىۋاستە تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى، 1989-يىلى 27-مارتتا، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، ھازىرقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ قوللىشى ۋە تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، شۇ يىلى18-مايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 12مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن 12مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تەشكىلىي، ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان 12مۇقام نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ كۆپ يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق 1990-يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا 12مۇقام ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق يۈرۈشى بويىچە رەتلەپ چىقىلدى ۋە شىنجاڭ ئۈن-سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم قايتا تولۇقلاپ رەتلەپ چىقىلغان 12مۇقامنىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 320نەغمە، 3123مىسرا تېكىستتىن تەركىب تاپتى.

1990-يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت 3-باسقۇچ بولۇپ، مۇقام سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم ياخشى ئاساس سېلىندى. بۇ مەزگىلدە12مۇقامنى يەنىمۇ تولۇقلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. 1995-يىلى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى «ئەجەم» مۇقامىنى رەتلەپ، تولۇقلاپ ئالتە نەغمىنى كۆپەيتتى. «راك» مۇقامىغىمۇ يەتتىدىن ئارتۇق نەغمە قوشۇلۇپ تېخىمۇ بېيىتىلدى. 12مۇقامغا ئائىت نۇرغۇن يېڭى ماتېرىياللار توپلاندى. يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ كۈچلۈك قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 12مۇقامنىڭ CD, VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇزىكا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، دۆلەت رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن 2002-يىلى ئەتىيازدا «راك»، «پەنجىگاھ» مۇقاملىرىنىڭ CD، VCD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى نەشردىن چىقتى.

12مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى، مۇزىكا رېتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى، تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى، خىلمۇخىل ئىپادىلەش شەكلى، يېقىملىق، سەلتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ بولۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، تىياتىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن ھەقىقىي جانلىنىش، قايتىس گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ئەكەلدى.

12مۇقام مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش ئارقىلىق 1965-يىلى «ئۇششاق » مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى سەلتەنەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل «خەلق كوممۇنىسى ياخشى» ئىجاد قىلىنىپ، سەھنە ئەسىرىنى يېزىشقا تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەت زۇنۇن (مەزكۇر ماقالە ئاپتورى)، ليۇجياچى، مۇزىكا ئىجادىيىتىگە زىكرى ئەلپەتتا، ھۇسەنجان جامى، ۋەن تۇڭشۇ، غىياسىددىن بارات، شاۋگۇاڭشىن، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە ھاجى راھمان قاتارلىقلار ئاساسلىق ئىشتىراك قىلدى؛ 1975-يىلى مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ياپونغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش تېما قىلىنغان ئوپېرا «قىزىل چىراق» ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىنىپ، ئەينى زاماندا خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى ۋە مۇقامنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش»، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ 1978- يىلىدىن ھازىرغاقەدەر مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىشلەنگەن «غېرىب-سەنەم»، «ئامانىنسا»، «پەرھاد-شېرىن»، «رابىيە-سەئىدىن» ئوپېرالىرى؛ ناخشا-ئۇسسۇللۇق تىياتىر «كروران گۈزىلى»، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى»، «تەكرىتاغدىكى ھەسەن-ھۆسەن»، «دولان چېچەكلىرى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇللار، جۈملىدىن «ئۇششاق» ۋە «مۇشاۋرەك» مۇقاملىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان سىمفونىيىلەر ۋە كۆپلىگەن ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلاردىن بەزىلىرى خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ئالىي سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى؛ «چەبىيات» مۇقامى جۈملىدىن مۇقاملاردىن پارچىلار مەملىكىتىمىز سەھنىلىرىدە ۋە ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسارىيە، ئىران، ياپونىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەتلەر ھەم تەيۋەن ۋە شياڭگاڭدا ئورۇندىلىپ قايتىس ئالقىشقا ئېرىشىپ ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شان-شۆھرەت كەلتۈردى.

12مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر-بىرىگە ئورگانىك باغلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، بەدىئىي مىراسى، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان 12مۇقامنى ئىلمىي ئاساستا كۆپ تەرەپلىمە، ياخشى تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ناخشىچىلىقى ۋە ئۇسسۇلچىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك ھالدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

12مۇقام مۇزىكا جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ئالاھىدە سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە «مۇقام ھادىسىسى» دېگەن نام بىلەن ئىلىمىزدە ۋە

www.uyghurkitap.com

دۇنيادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا 12مۇقام تەتقىقاتىدا ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر يەن شەكىللەنمەكتە. ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12مۇقام ھەققىدە»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇ جىڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مۇقام تەتقىقاتچىسى، كومپوزىتور، مەرھۇم ئەمەتجان ئەھمىدى يازغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»، كومپوزىتور، مەرھۇم نۇرمۇھەممەت سايىت يازغان «ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ مېلودىيىلىك ئالاھىدىلىكى»، مۇزىكا پروفېسسورى سۇلايمان ئىمىننىڭ «ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»... قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

مۇقام ئەھلى ۋە مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچۇر، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ مۇقام تەتقىقاتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتىرىش ئۈچۈن 1988-يىلى ئۆكتەبىردە شياڭگاڭدا خەلقئارا مۇقام تەتقىقات پائالىيىتى، 1992-يىلى ئاۋغۇستتا يەكەندە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2-قېتىملىق ئۇيغۇر 12مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، شۇ يىلى نويابىردا بېيجىڭدا «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى»، 1993-يىلى سېنتەبىردە قۇمۇلدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، 1994-يىلى ئۆكتەبىردە مەكىتتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر ئەھمىيەتلىك ئىلمىي يىغىنلاردىن «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى» پائالىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەت، دەپ قارايمىز.

«جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە، ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە ۋە مۇقام تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر مۇقامىنى ئاساسىي تېما قىلغان تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەندىن كەلگەن ئالىملار، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن 300نەپەردىن ئارتۇق ئىلىم ئەھلى بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىلمىي ئۆلچەم، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ شەكىللىنىش، قېلىپلىشىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنبە-ئېقىملىرى، ئۇنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئوبيېكتىپ باھا بەردى. ئۇلار مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى ، مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مۇقاملارنىڭ ئىسمى، تېكىستولوگىيىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «ئۇيغۇر 12مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، پىششىلانغان، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە تۇراقلاشتى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا تۈركىيىگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى».

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، 12مۇقام تەتقىقاتى، 12مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ. 12مۇقام — ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، 12مۇقام مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى بىر ئىلىم — مۇقامشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندى.»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن يازما نۇتقىدا ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 12مۇقام يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. 12مۇقامنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. 12 مۇقام يۇرۇشلۇك ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىلدى. نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ئىران، كورىيە ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر 12مۇقامىنى ئورتاق تەتقىق قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن مۇقام خەلقئارادا كەڭ ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر 12مۇقامى خەلقئارا مۇنبەرگە، خەلقئارالىق چوڭ سەھنىگە چىقتى.»

بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش شۇ بولدىكى، بىر ئۆمۈر مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام سەنئىتى ئۈچۈن ئاجايىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان، ئۇيغۇر 12مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ساقلاش، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنداش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈشتە قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، مۇقامچىلار، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ھۇسەنجان جامىي، ۋەن تۇڭشۇ، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جۇ جىڭباۋ، ئابلىز شاكىر، قاۋۇل تۇردى، تۇرنىسا سالاھىددىن، ئوسمان ئەمەت، ئېلى ئىسمائىل قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقامشۇناس» دەپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايېف، شېرىپ ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، روزى ھوشۇر، شاھ مۇھەممەت، مەكلەشخان، ئىسمائىلجان ئۆمەر، مۇھەممەت تۇردى، قەييۇم يۇنۇس، ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق سەنئەتچىسى» دەپ نام بېرىلىپ، مۇكاپاتلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا يۈكسەك شان-شەرەپ ئاتا قىلدى. يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2-قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» بولسۇن، ياكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە دولان مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولسۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 45 يىل مابەينىدە «12مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىندى. بۇ، مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللىنىشكە باشلاپ، قابىل ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى، تەتقىقات ئوبيېكتى، كۆلىمى، سەۋىيىسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، 12مۇقامنى قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك بولغان بولسىمۇ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ تېخى تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىشتا قەدەم تېخى ئاستا، سۈرئەت تېز ئەمەس، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ كۈتكىنىدەك بولمايۋاتىدۇ. يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشمۇ ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ.

12مۇقامنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مول ئاھاڭدارلىقى، مۇرەككەپ - قېيىن ئۇدار - رېتىمچانلىقى خۇسۇسىيىتىدىن ئالغاندا، ئۆتكەنكى رەتلەش جەريانىدا تۆردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان 12مۇقامنى ئاساس قىلىپ، جايلاردىكى ئەلنەغمىچىلەر تارقاق ھالدا ئورۇندىغان مۇقاملاردىن پارچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قىسمىنى مۇقاملارغا سەپلىگىنىمىز ئۈچۈن ھازىرقى رەتلەنگەن 12مۇقامنى جۇملىدىن شۇ ئاساستا نەشر قىلىنغان 12مۇقام نوتىلىرىنى تېخى تولۇق، مۇكەممەل، پىشقان، قېلىپلاشتۇرۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى، دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا تولۇقلىشىمىزغا، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ «سىگاھ»، «ئەجەم»، «بايات»، «ئىراق» قاتارلىق نىسبەتەن تولۇق بولمىغان تۆت مۇقامغا ئۈچتىن يەتتىگىچە نەغمە قېتىشىمىزغا، 12مۇقامنىڭ نەغمىلىرىنى 360 كە يەتكۈزۈپ ھازىرقى سەۋىيە بويىچە ۋايىغا يەتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ يەكەن دەريا ۋادىسى، تارىم دەريا ۋادىسى، مەكىت، ئاۋات، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى»، كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «كۇچا چوڭ نەغمىلىرى»، تۇرپاندا كەڭ تارقالغان «تۇرپان مەشرەپ مۇقامى»، توقسۇندا كەڭ تارقالغان «دەرد-داغ مۇقامى»، قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان «قۇمۇل مەشرەپ مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مەشرەپ مۇقاملىرىنى، پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «ھۆرلىقا - ھەمراھجان» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى ۋە ھەرخىل تارماق مۇقاملارنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن چىڭ تۇتۇپ توپلىشىمىز، پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى رەتلەپ نەشر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىلمىي خىزمەتتە قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن مەكىت ناھىيىسى نەمۇنە ياراتتى.

گەرچە مۇقام تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، پۈتكۈل ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن كاتتا بەدىئىي قامۇس 12مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر تېخى ئېچىلمىغان سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. شۇڭا ئالدىمىزدا مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئۇچۇر، ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، مۇقاملارنى داۋاملىق سەھنىلەشتۈرۈش، مۇقام ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەر تۇرماقتا. ۋەزىپىلەر ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە شەرەپلىك.

«12مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا ۋارىسلىق قىلىش ھامان ئاساستۇر. تەرەققىيات - يېڭىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاساسنى - يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىق، ئەنئەنىنى يوقاتماسلىق كېرەك. 12مۇقامغا تولۇق، توغرا، ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا 12مۇقامنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن 12مۇقامنى كەڭ ئاممىغا بولۇپمۇ كەڭ ياشلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم. بىز12مۇقامنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شەرت-شارائىتىغا ئىگە. شىنجاڭدا 100 گە يېقىن سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ ئۆمەكلەردە 12مۇقام ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ئۆگىنىش، ئورۇنداش، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىش لازىم. ياشلار ئارىسىدا 12مۇقامنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئۈن-سىن قوراللىرى ۋە ۋاستىلىرى ئارقىلىق 12مۇقامنى، 12مۇقامنىڭ ئۈن-سىن لېنتىلىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، پائال تۈردە مۇقام سەنئەت بايرىمى، ھەرخىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقامنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەتتا ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. 12مۇقام كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغىلى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.


رەسسام: غازى ئەھمەت

---

ئاپتور: پروفېسسور، ش ئۇ ئا ر 12مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى
(M2)

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان نازارەتچى: مۇھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى)

www.uyghurkitap.com



# نەۋائىي ياشىغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى

ئابلەت نۇردۇن

شەرق ئەدەبىياتىدىكى جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە، ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائىي 1441-يىلى 9-فېۋرالدا ئەينى چاغدىكى خۇراسان خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ھىرات (بۈگۈنكى ھىرات ۋە ئۇنىڭ ئىرانغا تۇتاش بىر قىسىم زېمىنى) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1501-يىلى 3-يانۋاردا شۇيەردە ۋاپات قىلغان.

ھەرقانداق تارىخىي شەخسكە ئۇ ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە زامان مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، نەۋائىي كەڭ دائىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا (ئۇنىڭ دائىرىسى گېرمانىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس ئا. ۋ. ھۇمبولد ئېيتقان غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا ھىمالايا تېغىغىچە، شىمالدا ئالتاي تېغىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ياشىغان. شۇڭا نەۋائىي ياشىغان كەڭ دائىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى تولۇق مۆئەييەنلەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ يېتىلىش جەريانىنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى

**تارىخىي سۆز**

كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. بەزى ئانتروپولوگلار، ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۆشۈكى، ھېچبولمىغاندا، ئارىيانلار بىلەن تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرنىڭ بۆشۈكى دەپ قارايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر، مەسىلەن، ئارىيان، ساك، گرېك، ھون، باكتىر، تۇخرىي، تۈرك، ئۇيغۇر، ئەرەب، قىتان، موڭغۇل، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەر جۈملىدىن دۇنيا تارىخىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىمپېرىيىلەر قۇرۇلغان، بۇنىڭغا سېلېۋك خاندانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 305 _ 246-يىللار)، فارفىيە خاندانلىقى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 248 _ 224-يىللار)، كۇشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردىن مىلادىيە 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە)، ئېفتالىتلار خانلىقى (5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە)، تاھىرىيلەر سۇلالىسى (مىلادىيە 821 _ 873)، سەففارىيلەر سۇلالىسى (مىلادىيە 873 _ 903)، سامانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 874 _ 999)، غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى (مىلادىيە 997 _ 1186)، قاراخانىيلار سۇلالىسى، سالجۇق خانلىقى (1040 _ 1157)، خارەزمشاھ خاندانلىقى (مىلادىيە 1077 _ 1231)، گورخانلىقى (11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1215--يىلىغىچە)، قاراقىتان خانلىقى (مىلادىيە 1124 _ 1211)، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (مىلادىيە 1347 _ 1513) قاتارلىق خانلىق، سۇلالە، ئىمپېرىيىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە دۇنياغا داڭلىق مەدەنىيەتلەر يارىتىلغان. بۇنىڭغا ئانۇ مەدەنىيىتى، خارەزم

دېلتىسى مەدەنىيىتى، ئافاناسوف مەدەنىيىتى، ئاندېرونوف مەدەنىيىتى، پازىرىق مەدەنىيىتى، قاراسۇ مەدەنىيىتى قاتارلىقلار مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جىلەينىڭ قارىشىچە، تارىختىكى بىرقانچە ئاساسلىق دىنلار، مەسىلەن، شامان (قام) دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىي مەزھىبىدىكى خرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ جايغا تارالغان ھەمدە بۇيەردە روناق تاپقان، شۇنداقلا يۇقىرىقى دىنلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.

نەۋائىي ئوتتۇرا ئاسىياغا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى (1370 ـ 1505) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، كونكرېت ئېيتقاندا تېمۇرلەڭنىڭ ۋارىسى ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە ياشىغان. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى تېمۇرلەڭ (تېمۇرلەڭ ـ پارسچە مەنىسى ئاقساق تېمۇر دېگەن مەنىدە، 1336 ـ 1405) قۇرغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرەئۇننەھر رايونى (ئامۇدەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار) دىكى تۈركلەشكەن بارلاس قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇ 1336-يىلى سەمەرقەندكە يېقىن كېش (بۈگۈنكى شەھرىسەبىز) نىڭ سەبۇزار دېگەن كەنتىدە تۇغۇلغان. چىنگىزخان چاغاتايغا زېمىننى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، بۇ زېمىندا بارلاس قەبىلىسىنىڭ مىڭ تۈتۈنى بار ئىدى. تېمۇرلەڭنىڭ تاغىسى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئىدى. تېمۇرلەشكەرلىككە قاتنىشىپ دەسلەپتە مىڭبېشى بولغان. ماۋەرەئۇننەھردىكى زېمىن، ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا پەيدىنپەي ئۆز ئەتراپىغا قوشۇن توپلىغان. شىستاندىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ئوڭ قولى ۋە ئوڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ناكا بوپقالغاچقا، ئاقساق تېمۇر دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ تاغىسى ـ بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ھاجى كېشنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولۇپ قاچقاندا ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تېمۇرلەڭ بارلاس قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولدى. تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا خەلقنىڭ نارازىلىقى، قارشىلىقى كۆچەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئافغانىستاننىڭ ئەمىرى قۇشىن (قوچىن) بىلەن بىرلىشىپ سەمەرقەندنى تارتىۋالدى. 1370-يىلى قۇشىن جالايىر قەبىلىسىدىكى كەيخۇسراۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېمۇرلەڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك ئالىي ھۆكۈمرانغا ئايلاندى.

تېمۇرلەڭ 1370-يىلدىن 1405-يىلغىچە جەمئىي 35 يىل سەلتەنەت سۈردى. بۇجەرياندا ئۇ تۆت ئەتراپىغا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلدى. ئۇ شەرقتە چاغاتاي خانلىقى (موغۇلىستان) زېمىنىغا ـ يەنى ئىلى، تارباغاتاي، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، جەڭلەردە كۆپ قېتىم نۇسرەت قازانغان بولسىمۇ، زېمىنلارنى ئىشغال قىلالمىدى. غەربتە ئون نەچچە يىل جەڭ قىلىپ 1388-يىلى خارەزمنى ئىشغال قىلدى. شىمالدا جۇجىنىڭ ئەۋلادى، ئاق ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن 20 مىڭگە يېقىن لەشكەر بىلەن جەڭ قىلدى، ئاخىرىدا 1395-يىلى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە مەغلۇب بولدى. جەنۇبتا ئۇ ئالدى بىلەن ھىراتنى، ئاندىن خوراسان (ئافغانىستاندىكى ھىرات شەھىرى ئەتراپى ۋە ئىراننىڭ ئۇنىڭغا چېگرىداش جايلىرى)، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيىنى ۋە ئىراننىڭ غەربىي قىسمىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىن باغدادنى ئىگىلىدى، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. 1400-يىلى مىسىردىكى مامىلۇك خانلىقىنىڭ سۇلتانىنى مەغلۇب قىلدى. 1403-يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بەيازىدنى ئەسىرگە ئېلىپ كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىدى. تېمۇرلەڭنىڭ غەلىبىسى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپادىكى ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) نى تۈركلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىش تەقدىرىدىن ساقلاپ قالدى.

تېمۇرلەڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن زېمىن دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە 1404-يىلى 27-نويابىردا نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن① باشلاپ سەمەرقەندتىن يولغا چىقتى. مىڭ سۇلالىسى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ مۇناسىپ جەڭ تەييارلىقىنى كۈچەيتتى. ئەمما تېمۇرلەڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئوترارغا كەلگەندە 1405-يىلى 18-فېۋرالدا كېسەل بىلەن 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تېمۇرلەڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋلادلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە زېمىن تالىشىشى تۈپەيلىدىن زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار كۈچەيدى. تېمۇرلەڭنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، تېمۇرلەڭ ھايات ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى جاھانگىرنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەدنى ۋارىس (ۋەلىئەھد) قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئەمما تېمۇرلەڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى سەركەردىلەر تېمۇرلەڭنىڭ 3-ئوغلى مىرەنشاھنىڭ ئوغلى خەلىلنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشىنى قوللىدى، بۇنىڭغا پىرمۇھەممەد ۋە بىر قىسىم ئەمىرلەر، ئاقسۆڭەكلەر قارشى چىقتى. بۇ قېتىمقى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە، ئاخىرى تېمۇرلەڭنىڭ كىچىك ئوغلى، خوراساننىڭ ھۆكۈمرانى شاھرۇھ يېڭىپ چىقتى. ئۇ، 1409-يىلى ئەتىيازدا ھىراتنى مەركەز قىلغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوراسان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىق قۇردى.

ئۇ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خانلىقنى سۇيۇرغاللىققا ئايرىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبېككە ماۋەرەئۇننەھرنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى.

1411-يىلدىن كېيىن ئۇلۇغبېك ماۋەرەئۇننەھر-دە، 1447-يىلى ئاتىسى شاھرۇھ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلدى. شاھرۇھ ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ۋەلىئەھدىنى

① بەزى مەنبەلەردە 800 مىڭ كىشىلىك، بەزى مەنبەلەردە 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن دېيىلىدۇ

www.uyghurkitap.com

بېكىتمىگەنىدى. ئۇلۇغبېك خانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، چوڭ ئوغلى ئابدۇلەتىف ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ئىنىسى ئابدۇلئەزىزنى بەك ئەتىۋارلاپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، باشقىلار ئارقىلىق 1449-يىلى 27-يانۋاردا ئاتىسىنى ئۆلتۈردى.

ئۇلۇغبېك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىرەنشاھنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن بايقارا رەقىبلىرىنى يېڭىپ ماۋەرەئۈننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالدى ۋە 1457-يىلى ھىراتنى ئىشغال قىلدى.

ھۈسەيىن بايقارا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تېمۇرلەڭنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھوقۇق تالىشىش زىددىيىتى، كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئۆزبېكلەر تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى تارتىۋالدى. ئۆزبېك خانى مۇھەممەدشەيبانىخان 1499-يىلى قىش ۋە 1500-يىلىنىڭ بېشىدا سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى خانى بابۇرنى ماۋەرەئۈننەھردىن قوغلاپ چىقاردى. شەيبانىخان ئارقىدىنلا پەرغانە، تاشكەند، خارەزم، ھىرات، خوراسان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى مۇنقەرز بولۇپ ئۆزبېك شەيبانىخان خانلىقى قۇرۇلدى. گەرچە تېمۇرلەڭنىڭ ئەۋلادى، ئاخىرقى خان بابۇر پېرسىيە قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ماۋەرەئۈننەھرگە كىرىپ 1511-يىلى ئۆكتەبىردە سەمەرقەندتە تەختكە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزبېكلەرنىڭ قايتارما زەربىسىدە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ھىندىستانغا بېرىپ دۇنيا تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن موغۇل ئىمپېرىيىسى (بابۇر ئىمپېرىيىسى) نى قۇردى.

تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە جەڭگى ـ جېدەل، يېغىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىمپېرىيە ئۆز زېمىنىدىكى خەلقلەرنى بىر ئىمپېرىيە دائىرىسىدە نىسبىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈردى. تېمۇرلەڭ ئىمپېرىيىسى تازا قۇدرەت تاپقاندا ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى غەربتە ئېفرات دەرياسىغىچە، شەرقتە سىر دەرياسى ۋە ھىندىستاندىكى دېھلى شەھىرىگىچە، شىمالدا كافكازغىچە، جەنۇبتا پارس قولتۇقىغىچە كېڭەيدى ۋە ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قويۇقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بىرلىك ۋە ۋەزىيەتنىڭ نىسبىي مۇقىملىقى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا خېلى ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەسىلەن، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان يوللار ياسالدى، ئۆتەڭ ـ رابات تۈزۈمى تەسىس قىلىندى، ئۆتەڭلەردە ئات، يېمەك-ئىچمەك ھازىرلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسىگە قولايلىق يارىتىلدى. بۇ ئەھۋال ھەققىدە ملىك سۇلالىسىگە يېزىلغان بىر مەكتۇپتا «ئۆتەڭلەر قولايلىق، يوللار راۋان، جاھانكەشتىلەر يۇرۇشەر يىراق ئەل تامان» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بولۇپمۇ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككى پايتەختى سەمەرقەند بىلەن ھىرات (شاھرۇھ دەۋرىدە پايتەخت قىلىنغان) ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي مەركىزى، شەرق دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۆزبېك يازغۇچىسى مۇساتاشمۇھەممەد ئوغلى ئايبېك 1927-يىلى يازغان «نەۋائىي» (ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان) رومانىدا خانلىق دائىرىسىدە، جۈملىدىن ھىراتتا ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تەبرىز، سۇلتانىيە قاتارلىق خەلقئارا سودا شەھەرلىرى بار ئىدى، سەمەرقەند، تاشكەنت، ھىرات شەھەرلىرىگە داڭلىق قول ھۈنەرۋەنلەر يىغىلغانىدى. ئۇ شەھەرلەردە ھەتتا قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشلىگەن تاۋارلار يەرمەنكىسى ئېچىلغانىدى. ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدە باشقا جايلاردىن كەلگەن بىلىملىك كىشىلەر، ئۇستىكارلار جۈملىدىن ھەربىي قورال-ياراغ ياسىغۇچىلار، كۇلالچىلار، ئەينەكچىلەر، زەرگەرلەر، مىمارلار، توقۇمىچىلار، خەتتات، رەسساملار بار ئىدى. سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغاچقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق ئىشلىرى ئوبدان راۋاجلانغانىدى.

ئىقتىساد جەھەتتىكى يۈكسىلىش پەن-مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە خارەزمشاھ دۆلىتى دەۋرىدە شەكىللەنگەن، ھازىر چاغاتاي تىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەدەبىي تىلغا ۋارىسلىق قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئالىملار، ئەدىبلەر چاغاتاي تىلىدىلا ئەمەس، ئەرەب-پارس تىلىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ياراتتى.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، تېمۇر كىچىك ۋاقتىدا تۈرك، پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن، تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پارسلارنىڭ تارىخى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۇيەنە بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتىۋارلىغان. بۇنىڭغا تارىخچى ئىبنى ئەرەبشاھ (1392 ـ 1450)، ئۇردا تارىخچىسى شەرىپىددىن ئىبنى ئەلى يەزدىي ۋە تارىخچى نىزامىددىن شەمئىي (1403 ـ 1404-يىللاردا تېمۇرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «تېمۇرنىڭ زەپەرنامىسى» نى يازغان، قىسقارتىلىپ «زەپەرنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئاتاقلىق شائىر ھاپىز شىرازىي قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

تېمۇرلەڭنىڭ ۋارىسى شاھرۇھ ۋە ئۇلۇغبېك ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردىمۇ ۋەزىيەت خېلى مۇقىم، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ دەۋردە چارۋىچىلىقتىن باشقا، ماۋەرەئۈننەھر ۋە ھىراتتا دېھقانچىلىق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. چىن چىلڭ يازغان «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغدا ھىرات رايونىدا بۇغداي، كەندىر، پۇرچاق، ئارپا، شال، ئاققوناق تېرىلىدىغانلىقى، سەمەرقەند كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىكەنلىكى، تاغ-دەريالىرى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت ئىكەنلىكى، سايرامدا ئادەملەر زىچ، دەل-دەرەخلەر باراقسان، دانلىق

زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى تېرىلىدىغانلىقى، بەلخنىڭ يېرى كەڭ، يېمەك-ئىچمەكنىڭ مول ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇ دەۋرلەردە باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-سېتىقمۇ تەرەققىي قىلغانىدى.

بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا پەن-مەدەنىيەتمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مۇھەممەد ئەلى يازغان «ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتا: «تېمۇرلەنگنىڭ ۋارىسلىرى گومۇمەن ئېيتقاندا تەرەققىيپەرۋەر خانلار بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھامىيلىرى ئىدى. تېمۇرلەنگنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت (1405-1519) تا ئەمىنلىك ۋە گۈللىنىش ھۆكۈم سۈردى. شۇڭا بۇ دەۋر ئادەتتە ئافغان سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. ئىران تارىخى تەتقىقاتچىسى ۋىللبر: «شاھرۇھ ئىران تارىخىدىكى مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمران، ئۇنىڭ پايتەختى ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى» دەيدۇ. تەتقىقاتچىلار شاھرۇھنىڭ خانىشى گۆھەرشادنىمۇ ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ رىغبەتچىسى، ھىمايىچىسى، مىمارچىلىق ھەۋەسكارى، شاھرۇھ بىلەن گۆھەر شاد ھىرات شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا «باغى جاھانئارا» دەپ ئاتىلىدىغان باغ بىنا قىلدۇرغان، گۆھەر شاد يەنە مەشھەدتە بىر چوڭ مەسچىت، شاھرۇھ ھىراتقا كاتتا بىر كۇتۇپخانا سالدۇرغان، دەپ قارايدۇ.

ئۇلۇغبېك سەمەرقەندكە ياساتقان رەسەتخانا (ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئورنى) دۇنياغا داڭلىق ئىدى. بۇيەردە ئۇ باشقا ئالىملار بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈپ چىققان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۈچ چوڭ مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىلىم-پەن تارقىتىش مەركىزىگە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ بىرى 1417-يىلى بۇخاراغا، يەنە بىرى 1417 - 1420-يىللىرى سەمەرقەندكە سېلىنغان بولۇپ، بۇخارادىكى مەدرىسە دەرۋازىسىغا «بىلىم ئېلىش - ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلماننىڭ بۇرچى» دېگەن خەت ئويۇلغان. بۇ مەدرىسەلەرگە ئالىملار تەكلىپ قىلىنىپ ئاساس پەنلىرىدىن دەرس ئۆتۈلگەن. ئۇلۇغبېك يەنە شېئىرىيەتكە قىزىققان ۋە پارس تىلىدا شېئىرلارنى يازغان.

شاھرۇھ ۋە ئۇلۇغبېكتىن كېيىنكى ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدىمۇ ھىرات ۋە خوراساننىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى خېلى يۈكسەلگەن. «ئافغانىستان تارىخى» دا، «(ھۈسەيىن بايقارا تەختتىكى دەۋر) ئافغانىستان تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق بىر سەھىپە، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، سەنئەت جەھەتتىن ئالغاندىمۇ شۇنداق» دېيىلگەن. فرانسىيە ئالىمى گروسسي «يايلاق ئىمپېرىيىسى» («بوز-قىر ئىمپېرىيىسى») ناملىق كىتابتا، شۇ چاغدىكى ھىراتنى ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى فلورىنسىيە شەھىرىگە ئوخشاتقان. «بابۇرنامە» ناملىق كىتابتا، ھۈسەيىن بايقارانىڭ شائىر ۋە بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىپ توپلام تۈزگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ياش ۋاقتىدا ئەلشىر نەۋايى بىلەن ساۋاقداش ۋە ياخشى دوست بولغانلىقى ئۈچۈن، نەۋائىينىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا خېلى ياخشى شارائىت (بولۇپمۇ دەسلەپكى چاغلاردا) يارىتىپ بەرگەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنەۋائىي يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس - (گۈزەل مەجلىسلەر)» ناملىق ئەسەردە ئۆزى بىلەن زاماندىش ئۆتكەن 458 ئەدىب، ئالىم ۋە شائىر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ.

بىز يۇقىرىقىلاردىن نەۋائىينىڭ دۇنياغا مەشھۇر شائىر، مۇتەپەككۇر بولۇپ يېتىلىشىگە شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ نىسبىي مۇقىم بولغانلىقى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ خېلى يۈكسەلگەنلىكى، ھەرقايسى جاي، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، تېمۇرلەڭ، شاھرۇھ، ئۇلۇغبېك، ھۈسەيىن بايقارا قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا خېلى ئېتىبار بەرگەنلىكى، قىزىققانلىقى ۋە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغانلىقى ھەمدە تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا سەلتەنەت سۈرگەن خانلىق، سۇلالە، ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئىجادىي جانلاندۇرغانلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 2-قىسىم، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىل يانۋار نەشرى.
② ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى.
③ ماداجىلڭ، فېڭ شىشى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ تارىخىدىن بايان»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى.
④ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات»، (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى.
⑤ ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983-يىللىق 2 ـ، 3 ـ سان
⑥ لىن خۇەنۇېن، جاڭ فىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدەبىياتچى، تارىخچىلار لۇغىتى»، خەنزۇچە، خېيلۇڭجياڭ چاۋشيەن مىللىتى نەشرىياتى 1985-يىل دېكابىر نەشرى.
⑦ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى.
⑧ داۋۇت سايىم: «غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت»، شافىگراف نۇسخا.
⑨ «دۇنيا تارىخى لۇغىتى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاخبارات - نەشرىيات ئوقۇش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر(M2)



# ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ جان بار

ئۆمەرجان ھەسەن

تاسادىپىي پۇرسەتتە قولۇمغا شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى نەشر قىلغان «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 4-سانى چۈشۈپ قالدى.

ماڭا ئانچە ناتونۇش ھېسابلانمايدىغان بۇ ئوقۇشلۇقنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ، ۋاڭ گېنمىڭنىڭ «〈 مىڭبىر كېچە 〉نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى» ناملىق ماقالىسى بار جايىنى گۇمان بىلەن قاتلاپ قويغانىدىم. چۈنكى مەزكۇرماقالىدە دېيىلىشىچە، ئەرەبلەرنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كاتتا كلاسسىك ئەسىرى «مىڭبىر كېچە» ھەققىدە «جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپ 1900-يىلى تونۇشتۇرۇش قىلىنغان» ① مىش، 1906-يىلىغا كەلگەندە رەسمىي تۈردە تەرجىمە قىلىنىپ «نەشر قىلىنغان» ② مىش.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز «مىڭبىر كېچە» نى ئاقسۇ دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان يېتۈك تەرجىمان مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللاخان مەخسۇم 18-ئەسىردىلا ئەرەب تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەندەك قىلغان.

دەرس مۇنبىرىدە سۆزلەنگەن بۇ سۆز ھەرگىزمۇ مۇنداقلا ئېيتىپ قويۇلغان گەپ ئەمەس ئىدى.

كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ «مىڭبىر كېچە» نى ئاقسۇ دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ 18-ئەسىردە ئەرەب تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى③. يەنە كېلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە 2-نۆۋەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە 4-نۆۋەتلىك نادىر پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مەزكۇر كىتاب 1994-يىلى سېنتەبىردە خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

ۋاڭ گېنمىڭ ئەپەندى «〈 مىڭبىر كېچە 〉نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «〈 مىڭبىر كېچە 〉نىڭ جۇڭگودىكى تەسىرى ناھايىتى زور، تارقىلىشى كەڭ، نەشر نۇسخىسى كۆپ. 1900-يىلى جۇگوينىڭ <يېڭى كەپىدىكى ئاجايىپ قوڭغۇراق> دا بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن چۈشەنچە بەرگەن» ④.

يۇقىرىقى ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1903-يىلى نەشر قىلىنغان «دېڭىزدا ئېيتىلغان چۆچەكلەر» ۋە 1904-يىلى نەشر قىلىنغان «پىداكار ئايال قول» (پىڭ يۈن، جوزۇرېنلار تەرجىمە قىلغان) دا

«سىمبادنىڭ دېڭىز سەپىرى» بىلەن «ئەلى بابا ۋە 40 قاراقچى» دېگەن ئىككى چوڭ چۆچەك تونۇشتۇرۇلغان. 1906-يىلى سودا نەشرىياتى شى رۇ ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلغان «مىڭبىر كېچە» نىڭ تۆت توملۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان، ئۇ، 50 چۆچەكتىن تەركىب تاپقان.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «مىڭبىر كېچە» خەنزۇلارغا بىزدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما ئۇز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقاندا، «مىڭبىر كېچە» نىڭ ئابدۇللاخان مەخسۇم تەرىپىدىن 18-ئەسىردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، جۇگويشېڭنىڭ «يېڭى كەپىدىكى ئاجايىپ قوڭغۇراق» دا بەرگەن چۈشەنچىلىرىنى «مىڭبىر كېچە» نىڭ جۇڭگوغا «ئەڭ دەسلەپ (مىلادى 1900-يىلى) تونۇشتۇرۇلىشى» دەپ، شى رۇ ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ، 1906-يىلى سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، يەنە كېلىپ، ئانچە تولۇق بولمىغان «مىڭبىر كېچە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى جۇڭگودىكى «ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخا» دېيىش نېمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟ ئەجەبا، «جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ» دا ياشاپ ئۆتكەن، «بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان جۇڭگودىكى 56 مىللەت» نىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى نېمىدەپ «مىڭبىر كېچە» نىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسى بولالمايدىكەن؟

ۋاڭ گېنمىڭ ئەپەندى يەنە شۇ ماقالىسىدا: «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىلى ئەرشىددىن تاتلىقنىڭ 18-ئەسىردە ئۆتكەن مۇھەممەد تۆمۈر كۆچۈرگەن ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تەرجىمەقىلغان («مىڭبىر كېچە» نىڭ) سەككىز توملۇق ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى»⑤ دەپ يازغان.

ئاپتور بۇ يەردە تىلغا ئالغان «مۇھەممەد تۆمۈر» ئابدۇللاخان مەخسۇمنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللاخان مەخسۇم. ئاپتور ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتىنى يوققا چىقىرىپ «كۆچۈرگەن» دەپلا قويغان. ئاپتور بۇ يەردە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەرەب، دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئۆز ۋەتىنى تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان مىللەت بىلەن دۇنيانىڭ باشقا بىر جايىدا ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، تىل، تارىخ، ئېتنىك تەركىبكە ئىگە ئايرىم-ئايرىم ئىككى مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىكى بىردىنبىر ئورتاقلىقنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى ئورتاقلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنىمۇ بىلمەيدىغان ئاپتور ئەشۇنداق نوپۇزلۇق ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلمەن، دەپ ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىدۇ؟

مۇھەممەد تۆمۈرنى ئابدۇللاخان مەخسۇم ئەمەس دېگەن تەقدىردىمۇ، 18-ئەسىردە «مىڭبىر كېچە» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بولمىسا، ئۇ نېمىنى كۆچۈرىدۇ؟ ۋاڭ گېنمىڭنىڭ گېپىدىن قانداقلا بولمىسۇن 18-ئەسىردە ئەشۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بار ئىدى، دېگەن مەنا كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا «مىڭبىر كېچە» نىڭ 18-ئەسىردىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخا دېيىشكە ئاغزى بارمايدۇ؟ ئەجەبا شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە ئەمەسمىكەن؟ بۇ قەلەمكەش ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرى «ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋەتىنىمە چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى»، «جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ باپباراۋەر ئەزالىرى»، «بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان» دېگەن ئورتاق تونۇشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي قەلەم تارتقان يەڭگىلتەكلىكى ئەمەسمۇ؟

## ئىزاھلار


①، ②، ④، ⑤ ۋاڭ گېنمىڭ: «(مىڭبىر كېچە) نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى»، «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلى، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى خەنزۇچە نەشرى، 1997-يىللىق 4-سان (ئومۇمىي 63-سان)، 40-بەت.

③ «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997-يىل ئاپرېل خەنزۇچە 2-نەشرى 233-، 263-، 264-بەتلەر.

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېفىلىم تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قېنى، ئەنە كۆرەمىز

خالۋەرجان سېيتنىياز

خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەر ئاكا، تىنچلىقمۇ سىز؟

مەن بىر ئۇيغۇر پۇشتى، كەلگۈسى ئىزباسار ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىمەن. سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى باشقىلارغا ئوخشاشلا مەنمۇ سۆيۈپ ئوقۇيمەن، ئۇلاردىن ئۆزۈمگە ئىلھام، ھۇزۇر ۋە ئەقىل ئالىمەن. ئەمما، سىزدىن تولىمۇ نارازى بولۇۋاتقان يېرىم، سىز بىز ئىز باسار ئۇيغۇر پۇشتىلىرىغا ئىشەنچ قىلالماپسىز، توغرىسى بىزگە ھۆرمەت قىلماپسىز!

«50 يىلغىچە ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىن يوقىلىدۇ» دېگەندەك كەلسە-كەلمەس خىياللاردا بولغىنىڭىز مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. دېمەكچىمەنكى، سىز مەخسۇس بۇ ھەقتە ماقالە يېزىپ «بايانات» ئېلان قىلمىغان بولسىڭىزمۇ، يازغان بەزى ماقالىلىرىڭىزدا ئۇنىڭ سايىسىنى چۈشۈرۈپسىز. مەسىلەن، «ئۇ كەلمەسكە كەتتى» دېگەن ماقالىڭىزدا: «ھازىر ئۇيغۇرلار بۇ ئادەمنى قەدىرلىمىدى، خورلىدى، يەنە 50 يىللاردىن كېيىن ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا، چوقۇم بۇ ئادەمگە خاتىرە مۇنارى تىكلەيدۇ...» دەپ مەلۇم ئادەمنىڭ دىئالوگى سۈپىتىدە بېرىپسىز. «ئۇيغۇرلاردا دوپپا تەقدىم قىلىشنىڭ سىرى» دېگەن

## بالىلار كۆڭلى

ماقالىڭىزدا بولسا (مەزكۇر ماقالىلار يازغۇچىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل مارتتا نەشر قىلغان «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» ناملىق كىتابىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن): «... يەنە 50 يىلدىن كېيىن باش كىيىمىز، ھېچقانداق خاسلىقى يوق بىر مىللەت بولۇپ، بىر توپ ئادەم ئارىسىدا يىتتىپ كەتسە، تاپقىلى بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز» دەپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان بوران-چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاھازىرغىچە ئۆسۈپ ئۇلغىيىپ، ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى، ياشاش ئۈچۈن كۈرەشلىرى، ئالاھىدە ئىجادىي قابىلىيەتلىرى بىلەن دۇنيا تارىخىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ ھايات-ماماتىنى بىر دوپپىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاپ قويۇپسىز. سىزنىڭچە، بۇ توغرىمۇ؟ بۇ، مىللىتىمىزنىڭ روھىنى سۇندۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟

شۇنداق، مىللىتىمىز ئۆز تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا جاھالەت ۋە زالالەتكە يۈز تۇتقان پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرنىڭ بولغانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت. يازغۇچى - مىللەتنىڭ «مەنىۋى دوختۇرى» بولغان ئادەملەر بۇنى سەگەكلىك بىلەن دەرھال بايقىمىقى زۆرۈردۇر. ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دېمىكى، ئادالەتنى ئادالەت، جاھالەتنى قورقماي جاھالەت دېمىكى پەرھىزدۇر. ھەرقانداق بېسىم، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى كەلگەندىمۇ ئۇلار خىسلىتىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. شۇنداق روھقا ئىگە كىشىلەرلا خەلقنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسى، شائىرى بولالايدۇ. بۇ مىسالغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تىپىك ۋەكىل بولالايدۇ.

ئۇنداقلار ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشايدۇ، يادلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئەختەم ئۆمەر ئاكا، مىنىڭچە، يازغۇچى، شائىر نامى بىلەن ئاتاشقا ئەرزىگۈدەك ئادەملىرىمىز سىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارغانچە ئاز قىلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغلىرىمىز بىزنىڭ تېخى گۆدەكلىكىمىزنى تاشلىغىنىمىزنى كۆرمەيلا كېتىپ قالدى. ئەمما بىر قانچە ئادەمنىڭ ۋاپاتى بىلەنلا مىللىتىمىز بارلىق ئىبسىل ئوغلانلىرىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. ئۇلارنى بېسىپ چۈشكىدەك يەنە تالاي ئوغلانلار تۇغۇلىدۇ، يېتىلىدۇ ھەم يېتىلىۋاتىدۇ!

تولىمۇ يىراقنى مىسال قىلمايلا، پەقەت 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مىللىتىمىز نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى تارتتى - ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي قاتارلىق سىياسىي سېھىرگەر، جاللاتلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمى، قانلىق قىرغىنچىلىقىدا نادانلىق، جاھالەتنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى؛ مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىبسىل ئوغلانلىرى ، ئالىم -مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئايرىلدى. خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە «ئورۇس يېغىلىقى» ، «تۇڭگان يېغىلىقى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان - رۇسلار ۋە ماجۇڭيىڭ قاتارلىق كاللا كېسەر جاللاتلار يۈرگۈزگەن قەتلىئام - قىرغىنچىلىقلاردا يۇرتىمىز قىيامەت دەھشىتىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى، ئەخمەتجان قاسىمىدەك شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىز چىقتىغۇ؟ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان مىللىي مۇناپىقلار جاھالەت شەيتانلىرىغا ھەمداستىخان بولۇپ، مىللىتىمىزنى زالالەت قويىنىغا سۆرىگەن، خەلق ھەق - ئادالەتتىن مەھرۇم قىلىنغان ئەشۇ زۇلمەتلىك تۈنلەردىمۇ مەتنىلى ئەپەندىدەك ئۇلۇغ ئوغلانلىرىمىز چىقىپ، خەلقىمىز قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چاچتىغۇ؟ ئەجەبا ھازىرقىدەك ياخشى شارائىتتا مىللەتنىڭ ئۇسال ئادەت - ئىللەتلىرىنى تۈزەپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەردىن قىلالايدىغان بىرەر ئادەم چىقماسمۇ؟

ياق، ئۇنداق ئادەم چىقمايدۇ. بىر ئادەم مىللەتتىكى ئەجەللىك ئىللەت - ئاجىزلىقلارنى بايقىيالايدۇكى، ھەرگىز ئۆزى يالغۇز تۈزەپ بولالمايدۇ. گەپ ھەممىمىزدە، يەنى مەندە، سىزدە، ئۇنىڭدا - پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىدە!

بىز ئىزباسارلارغا ئىشىنىڭ، ئىشىنىش بىلەن بىزنى پەرۋىشسىز تاشلىۋەتمەڭ. بارلىق ئاتا-ئانىلار، بارلىق خەلقىمىز شۇنداق قىلسۇن. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاۋۋال ئۇزۇڭلارنى تەربىيىلەڭلار، پىشۇلدۇرۇڭلار. ئاراڭلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پەرۋىشسىز قالغان، تېخىچە ئادەمدەك ياشاپ بولالمايۋاتقان تالاي ئازغۇن ئادەملەر بار. سىلەردەك ناچار شارائىتتا يېتىلگەنلەرنىڭ قولىدا مىللىتىمىز بۈگۈنگە كەلدىيۇ، بىزدەك ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ سىستېمىلىق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئەۋلادلارنىڭ قولىدا يوقىلىپ كېتەرمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت ئىتتىپاقلاشساق، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىساقلا بولغىنى. توغرا، يەھۇدىيلاردەك پۈتكۈل دۇنياغا چېچىلىپ كەتكەن بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتمىغان يەردە بىز يوقىتىپ قويۇرمىزمۇ! ئۇلاردىن ئېينشتېين، ماركستەك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئالىم-پەيلاسوپلار چىققان يەردە بىزدىن چىقماسمۇ!؟ مەيلى قايسى قىتئەدە بولسۇن، قايسى ئىرقتا بولسۇن، قايسى مىللەتكە بۆلۈنسۇن، بىز يەنىلا ئوخشاش ئىنسانلارمىز.

ھۆرمەتلىك ئەختەم ئۆمەر ئاكا، مەن ھازىر 17 ياشقا كىردىم. ئەگەر ئېغىزىمغا ئېلىشنى خالىمايدىغان ھېلىقى خىيالىڭىز راست بولۇپ چىقسا، مەن ئۇ چاغدا 67 ياشلىق - پىشقان ئاقساقال بولىمەن، 68 يېشىمدىن باشلاپ باشقا مىللەت سانىلىپ كېتەرمەنمۇ!؟

---


ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M2)

مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا يېڭىدىن باشلاپ پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى - قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# ھېكايەت: ئاق قاغا

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

قاغىلارنىڭ پادىشاھسى ئۆزپادىشاھلىقىنىڭ قۇدرەت-كامالىتىنى نامايان قىلىش نىيىتىدە ھەشەم-دەرەملىك «قاغا مەرىكىسى» ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت-يۇرتقا: ئۆزى ساغلام، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، ھۆسنى گۈزەل قاغىلار تاللاپ ئەۋەتىلسۇن، پايتەختتە قاغا پادىشاھىمىز كۆرەك قىلىدۇ، دەپ پەرمان تارقىتىپتۇ.

كۆرەك ئۆتكۈزۈلىۋاتقاندا، قاغا پادىشاھ كۆز ئالدىدا توپ-توپ بولۇپ تۇرغان قاپقارا قاغىلارغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشھال بوپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزى قاپقارا قاغىلار توپى ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئاق چېكىتكە چۈشۈپتۇ-دە، ھېلىقى خۇشاللىقلىرى بىردەمدىلا يوقىلىپتۇ، چىرايىمۇ دەرھال تۇتۇلۇپتۇ.

– ئاۋۇ نېمە؟ – دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ ئىككى يېنىدا تۇرغان ئاكابىر-ئەشرەپلىرىگە قاراپ، – ئاق داغ نەدىن چۈشتى؟

– ئۇ، تارىم ۋادىسىدىن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلگەن چىرايلىق ئاق قاغا ئىكەن، – دەپتۇ ياساۋۇلى.

– جاھاندىكى قاغىنىڭ ھەممىسى قارا ئەمەسمىدى؟ ئاق قاغا نەدىن پەيدا بوپتۇ؟ ماڭ، سەن بېرىپ چاقىرىپ كەل، ئوبدان بىر كۆرەي.

ياساۋۇل ھېلىقى ئاق قاغىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ كەپتۇ. قارىسا، ھەقىقەتەن تولىمۇ چىرايلىق قاغا ئىكەن، پاك-پاكىز پەيلىرى يالتىراپ تۇرىدىكەن، ئاپئاق تېنىدىكى بىر جۈپ قارا قانىتى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان، تۇرقىدىن قىسقا قاناتلىق دېڭىز قۇشى پىنگۋىنگە ئوخشايدىكەن، لېكىن پىنگۋىندىنمۇ ئۈز، قارىسىڭىز شۇنداق چىرايلىق.


قاغىلار پادىشاھلىقىدا مۇشۇنداق چىرايلىق نەسەبىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ مەغرۇرلانسا ۋە پەخىرلەنسە بولاتتى. لېكىن ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان كىبىرلىك پادىشاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى راۋا كۆرمەيدىكەن. ئۇ، خورسىنغاندەك بىر ھالەتتىن ئەس-ھوشىنى يىغىۋالغاندەك بولۇپ، ئاق قاغىغا گۆلىيىپ قاراپتۇ ۋە:

– بۇ قانداقمۇ بىز قاغىلارغا نەسىلداش بولسۇن؟! قاتارىمىزغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان ناجىنىس ئىكەنلىكى مانامەن دەپ تۇرسا، ئارىمىزدا قالدۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى بار! – دەپتۇ ھەسەت بىلەن زەردە قىلىپ.

چىرايلىق ياكى ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن نەزەرگە سىغمايدىغان ئىشلار بىزگە زادىلا يات-غەلىتە ئىش ئەمەس.

---

چىن ياڭگۈي ئىمزالىق بۇساتىرا ئەسلى «خۇنەن شەھەر گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 16-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «قېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 3- سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى(M1)



# تەڭرى بىلەن توشقان

شەۋكەت سەمەت تەرجىمىسى

توشقان جاھاندىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ھايۋاندۇر، ئۇ پەقەت ئوت يەيدۇ، ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بىراق ئۇ تۈلكە، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، بۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىكتۇر! بىر كۈنى توشقان تەڭرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرد تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ توشقان بولغۇسى يوقلىقىنى ئېيتىپ، تەڭرىدىن ئۆزىنى باشقا جانۋارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ توشقاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ: «بولىدۇ، نېمىگە ئايلانغىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. توشقان: «قۇشقا ئايلىنىپ كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلسام، تۈلكە، بۆرە، يولۋاس دېگەنلەر ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تەڭرى توشقاننى قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا قۇش يەنە تەڭرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەي رەھىمدىل تەڭرىم، مېنىڭ ئەمدى قۇش بولغۇم يوق، بىز كۆكتە ئۇچساق بۈركۈت بىزنى تۇتۇۋالىدىكەن، دەرەخقە چاڭگا ياسىساق يىلان بىزنى چېقىپ ئۆلتۈرۈدىكەن. بۇنداق كۈن كەچۈرمەك تولىمۇ تەس ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تەڭرى قۇشنى بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىراق ئۇنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس بوپتۇ. چۈنكى دېڭىز چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى، كىچىك بېلىق قۇرتلارنى يەيدىغان كۈرەشكە تولغانىكەن. بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، بېلىق يەنە تەڭرىدىن ئۆزىنى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بېلىق: «ئادەم بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ خوجىسى، ئۇلار پولات بىلەن سېمونتتىن قوپۇرۇلغان مۇستەھكەم ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، تۈرلۈك ئىلغار قورال-جابدۇقلارنى ئىشلىتىدۇ، ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋانمۇ ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ئورمانلىقتا ھەيۋە قىلىپ يۈرگەن شىر - يولۋاسلارنى قەپەزگە سولاپ تاماشا قىلىشىدۇ، يىلان، بۈركۈت دېگەنلەردىن مەززىلىك تائام ئېتىپ يېيىشىدۇ. . .» دەپتۇ.

تەڭرى بېلىقنى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، بۇ قېتىم رازى بولغانسەن، دەپ ئويلاپتۇ كۆڭلىدە. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئادەم يەنە تەڭرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن! ھەممە يەر قانغا بويالدى، جەسەتكە تولدى، خارابىلىققا ئايلاندى. . ئەمدى بىزنىڭ ياشىغۇچىلىكىمىز قالمىدى! » دە دەرد ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، تۈمەن مىڭلىغان ئەسكەرلەر ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقان، سانسىزلىغان پۇقرالار ئۆي-ماكانسىز قېلىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن ئۆلگەنىكەن.

تەڭرى ئادەمدىن«ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ » دەپ سوراپتۇ. ئادەم: «مەن ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارايمىكىن دەيمەن، سىز مېنى تەڭرىگە ئايلاندۇرۇپ قويسىڭىز! » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەڭرى ئادەمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ. تەڭرى: «تەڭرىدىن پەقەت بىرسىلا بار، تەڭرى كۆپ بوپكەتسىمۇ ئۇرۇشىدۇ» دەپتۇ.

---

لياۋجۈن قەلىمىدىكى بۇ ساتىرا ئەسلى «گۇاڭجو گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 16-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى(M2)

## ھايات ھەققەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# جاھاندا بار گەپلەر

## شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

ئۆتكەندە،چەت ئەلدىكى بەزى گېزىتلەر گۇاڭجۇدىكى يەر ئاستى تۆمۈر يولىنىڭ 1-نومۇرلۇق لىنىيىسىنى بەلكىم جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ناچار-سۈپەتسىز قۇرۇلۇش بولۇشى، گۇاڭجۇ يەر ئاستى تۆمۈر يولى باش شىركىتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى چېن چىڭچۈەن پارىخورلۇققا چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ خەۋەر قىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە تۆمۈر يول سۈپىتىگە قارىتا گۇمان تۇغۇلدى.شىركەت مەسئۇلى بۇنىڭغا قارىتا:«ئېغىر سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلمەس» دېدى.

نېمىشقا مەردانىلىق بىلەن خاتىرجەم ھالدا:«سۈپەتتە مەسىلە يوق» دېيەلمەيدۇ؟

بۇنىڭدىن مەن ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈچۈش بىخەتەرلىكى ھەققىدە ئۆزىنى ئاقلىغان گەپلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. بۇلتۇر ۋېنجۇدا ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بەردى.ئاپرېلدا كورىيىنىڭ بىر يۈك ئايروپىلانى شاڭخەيدە چۈشۈپ كەتتى. گېزىتلەردە بولسا:«يەنىلا ئايروپىلان ئەڭ بىخەتەركەن» دېگەن خەۋەرلەر بېسىلىپ، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار بىلەن بىزگە مۇنداق تەسەللىي بەردى:«1998-يىلى 18مىليون قېتىملىق ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىدا پۈتكۈل دۇنيادا ئايروپىلاندا ئولتۇرغۇچىلار 1مىليارد 300مىليون ئادەم قېتىمغا يەتكەن، ئايروپىلان ۋەقەسى ئاران 10قېتىم يۈز بەرگەن. ھەربىر يولۇچىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا خەتەرگە ئۇچراش نىسبىتى ئۈچ مىليوندا بىر بولغان. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر كۈنى بىر قېتىم ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندىمۇ، بىر ئادەم 8200يىلدا ئاندىن ۋەقەگە ئۇچراش ئېھتىمالى بولىدىكەن (بۇ گېزىت تېخى دەل بۇ گەپنى بوغان ماۋزۇ قىلىپ باسقان). قارىغاندا، ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش نېمىدېگەن بىخەتەر-ھە! بىر ئادەم 8200يىل ئۇچقاندا ئاندىن بىر قېتىم ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بولىدىكەن. كىم 8200يىل ياشىيالىسۇن؟

كىم ھادىسىگە ئۇچرايدۇ؟ مۇشۇنداقلا ھېسابلىغاندا، ئايروپىلان ۋەقەسى پەقەت يۈز بەرمەيدۇ!

يەر ئاستى تۆمۈريول شىركىتىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى، ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر ئورتاق مەنتىقىسىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ: ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى يولۇچىلار ھەرگىزمۇ كونكرېت ئادەم ئەمەس، بەلكى ئابستراكت ئادەم، ستاتىستىكا قىلىپ قويسىلا بولىدىغان سان-سىفىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئابستراكت ئادەملەر، كونكرېت ئادەم ئەمەس. شۇڭلاشقا نىسبەتلەشتۈرۈلگەندىكى بۇ ئىنتايىن ئازسانلىق كىشىلەر تىلغا ئېلىش — ھېسابلاشقا ئەرزىمەيدۇ، ئۇلارنى ھېسابلاشنىڭ ھاجىتى يوق. قىسقىسى، يىغىنچاقلىغاندا يەنىلا شۇ كوناگەپ: خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، شەخس ئۈچۈن ئەمەس.

ئۇنداقتا،«خەلق» دېگىنى زادى كىم؟ بىز ھەممىمىز «شەخس» تۇرساق، زادى كىملەر «خەلق» ھېسابلىنىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە «خەلق» مەۋجۇد ئەمەس،پەقەت «شەخس» مەۋجۇد.

بۇلتۇر «ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىغا جۇڭگودىكى مەلۇم

جەمئىيەت ئارىسى

دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئامېرىكىلىق بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر نۇتقى بېسىلدى.ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەنگەن: دېڭىزدا چىققان قاتتىق بوراندىن كېيىن ،قىرغاققا چىقىپ قالغان نۇرغۇن بېلىجانلار ساھىلدىكى كىچىك كۆلچەكلەردە قاپسىلىپ قېلىپ، دېڭىزغا قايتالماپتۇ. بىر كىچىك ئوغۇل بالا بېلىجانلارنى ئېلىپ دېڭىزغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن بالىغا دەپتۇ: «شاكىچىك، كۆلچەكتىكى بېلىجانلار سان-ساناقسىز، ئۇنى قۇتقۇزۇپ بولالمايسەن». «بىلىمەن» دەپتۇ بالا. «ئۇنداقتا،نېمىشقا يەنە توختىماي تاشلاۋېرىسەن؟ ئۇنى كىم كۆرەتتى؟ »دەپتۇ ھېلىقى ئادەم . «مانا ماۋۇ بېلىق كۆرىدۇ، - دەپتۇ بالا يەنە تاشلىغاچ، - مانا ماۋۇمۇ،ماۋۇمۇ... يەنە ماۋۇ.راست ،يەنە مەن،ئۇ، يەنە ئاۋۇ كۆرىدۇ! »

رۇسىيىلىك كومپوزىتور شوستاكوۋىچ ئۆز ئەسلىمىسى «گۇۋاھلىق»تا مۇنداق بىر مەنىلىك گەپ قىلىدۇ:«پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىراقلا قۇتقۇزىمەن دېمە، ئۇ ناھايىتى قىيىن. ئۇنى ھەربىر ئادەمنى قۇتقۇزۇشتىن باشلاش كېرەك»(بۇ ئەسلى 19-ئەسىردىكى رۇس مۇتەپەككۇرى گېرتسىنىنىڭ گېپى) . مۇشۇ گەپچە بولغاندا بىز شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دېسەك تولىمۇ قىيىن بولىدۇ، شۇڭا ئىشنى ئاۋۋال شەخسكە خىزمەت قىلىشتىن باشلايلى. ئەمما بۇ بەك تەس.

ئەمەلىيەتتە بولسا«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن كونا شوئار ھازىرمۇ تۇۋلىنىۋاتىدۇ،ئەمما«خېرىدار مۇقەددەستۇر» دېگەن يېڭى شوئار تېخى ئەمەلىيلەشمىدى. «خېرىدار» زادى كىم؟ بۇ، كۆپ سانلىق«خېرىدار»نى كۆرسىتەمدۇ ياكى ئىنتايىن ئاز سانلىق «خېرىدار»نىمۇ؟ بۇنىڭغا شۇنداق ئىزاھ بېرىش كېرەككى،«خېرىدار» كۆپ سانلىق«خەلق»نى كۆرسەتمەيدۇ،بەلكى يەككە«شەخس»نى كۆرسىتىدۇ.«خېرىدار مۇقەددەستۇر» دېگەن گەپ ھەربىر خېرىدارنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ،يەنى سودا مۇلازىمىتىدىكى توپ پرىنسىپ:شەخس ئۈچۈن، ئىستېمالچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. ئابستراكت خەلقنى چىقىش قىلماي كونكرېت شەخسنى چىقىش قىلىپ، مۇلازىمەتنى ھەربىر ئوبيېكتقا قارىتىپ،ھەربىر ئادەمنى ئادىل مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك.

«شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نىڭ ئەمەلىيەتتە مۇنداق بىر ئۈلگىسى بار،ئۇ بولسىمۇ ئېلېكترون تىجارىتى ساھەسىدىكى ئاۋانگارت ئامازون كىتابخانىسى( .AMAZON COM) .ئۇنىڭ سودا ئەقىدىسىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: خېرىدار ھەممىدىن ئەلا، دەيدىغان خۇسۇسىيلاشقان مۇلازىمەت بەرپا قىلىش، يەنى تۇتۇق - ئابستراكت خېرىدارلار توپىنى ئەمەس، ئايرىم- ئايرىم - يەككە خېرىدارلارنى مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلىش، «ھەربىر خېرىدارغا باپ بىر كىتابخانا قۇرۇپ بېرىش» ،ھەتتا «خېرىدار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، كارخانىنىڭ مەقسىتى قىلىش، پايدا تېپىش،ئالدىن خېرىدار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولۇش» .«دەۋر»ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1999-يىللىق مەشھۇر شەخس بولۇپ باھالانغان ئامازوننىڭ قۇرغۇچىسى بىسوس ئەپەندى مۇنداق دېگەن:«بىر خېرىدار رەنجىسە، بىر ئايدا رەنجىگەن خېرىداردىن مىڭى كۆپىيىدۇ» .

ئەلۋەتتە، ئامازون سودىدا ئانچە پايدا ئالمىغان،ئەمما ئۇلارنىڭ پاي باھاسى 25مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن!

ئەمدى بىز يەنە يەر ئاستى تۆمۈر يولىنىڭ ئىشىغا قايتايلى. يەر ئاستى تۆمۈر يولى ئەسلىدە بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاممىۋى قورۇلۇش، ئۇنىڭ نوقۇل پۇل تېپىش خاراكتېرى يوق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا يەر ئاستى تۆمۈر يول شىركىتى كىچىككىنە پايدا ئۈچۈن يولۇچىلارنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىنى ئويلاشمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنى مۇكەممەل مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلمايدۇ؟ چەكلىك دەسمايىنى تېجەپ قېلىشىدۇ-يۇ، كۆرۈنمەس بايلىقنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ،جانغا مال ئىزلىشالامدۇ؟

شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تىجارەتتىكىلا توپ پرىنسىپ ئەمەس، سىياسىيدىكىمۇ ئەڭ چوڭ پرىنسىپتۇر. ھەربىرىمىز خېرىدار بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن ئىقتىسادتا ئىستېمالچىلارمىز، پۇقرا بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن سىياسىيدا ئىستېمالچى ئەمەسمۇ؟(باج تۆلەش ئارقىلىق سىياسىي مۇلازىمەت سېتىۋالىمىز)يەرئاستى تۆمۈر يولى بىز ئۈچۈن - شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلغان يەردە،ھۆكۈمەت نېمىدەپ ئۇنداق قىلمىغۇدەك؟ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنداق «ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئەڭ زور بەختى»نى قوغلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىشنى«ئەڭ ئازسانلىق كىشىنىڭ ئەڭ كىچىك بەختى» دىن، «شەخسكە خىزمەت قىلىش»تىن باشلىشى كېرەك. بىز ئىلگىرى «دەريادا سۇ بولسا، ئۆستەڭدە سۇ بولىدۇ» دېيىشەتتۇق. ئەمەلىيەتتە توغرىسى:«ئۆستەڭدە (ھەقىقىي توغرىسى تاغدىكى ئۇششاق ئېقىن - تاراملاردا. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) سۇ بولمىسا،دەريادىمۇ سۇ بولمايدۇ» .

ئويلاپ بېقىڭ، ئېقىن - تاراملارغىسۇ تولسا،دەريانىڭ قۇرۇپ قېلىشىدىن غەم قىلىش نەھاجەت؟

---

خۇيداۋ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ «100ساندىن جەۋھەر» ناملىق تاللانمىسىنىڭ 2-جىلدىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

## ئىلىم ساھەسىدىكى چىرىكلىك

### نام قوغلىشىش: «ھازىر ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسىمۇ پروفېسسور تۆكۈلىدۇ»غان بولدى

«نەزەر» ژۇرنىلىدا دېيىلگەن:«ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسا پروفېسسور تۆكۈلىدۇ» دېگەن گەپ ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بوپقالدى. ھازىر ئاز-تولا نامى بار ئۇنىۋېرسىتېتلار فروفېسسورلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن كۈچەۋاتىدۇ. بەزى ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلار «لېكتورلۇقتىن خوشلىشىش»تەك كۈرەش نىشانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. گۇاڭدۇڭدا بىر ئالىي مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قېتىمدىلا 40تىن ئارتۇق دوكتور يېتەكچىسىنى باھالاپ چىققان. يېقىندا دوكتور يېتەكچىسى بولۇپ باھالانغان مەلۇم ئالىي مەكتەپتىكى

www.uyghurkitap.com

بىر ئەربابنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ باھالىنىشىدىكى مۇھىم ئاچقۇچ دەل ئۇنىڭ ئىلمىي باشقارمىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىدىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ مەكتىپى مەلۇم بىر كەسىپتە دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى بولۇشنىمۇ 200مىڭ يۈەنگە سېتىۋاپتۇ.

مانا بۇلارنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ساپاسى، ئىلىم-پەن،خەلقئارا رىقابەت كۈچى دېگەنلەردە خەلقئارادىكى ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلىمەكتە. بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى بەك ئېغىر ئىكەن، ئەمما تۈزۈكرەك بىر نېمە ئۆگىنەلمەيدىكەن. دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىمۇ خېلى مەسىلە بار ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ئوقۇتۇش تەجرىبىسى كەمچىلكەن. بۇخىل ھادىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى ئومۇميۈزلۈك ھادىسەبولغان «بىغەم كەيپىيات» ۋە «زىلزىلە ئۈنۈمپەرەسلىكى» (بىردەملىك ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش) ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا «تۈزۈكچىلىك» ئەھۋالى مەۋجۇدكەن.

دېمەك، پروفېسسورلىرىمىز نام-ئابروي ھەلەكچىلىكىدە، زېھىن-كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئادىمى يوق.

## مەنپەئەت قوغلىشىش

بېيجىڭدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1-قانىلى سۇشۇياڭ ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان بىر سۆھبەت فىلىمىنى تارقاتتى. پاراڭ ھازىرقى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ناچار خاھىش - ئىستىللاز ئۈستىدە بولدى. سۇ ئەپەندى مۇنداق دېدى: «ھازىر بىرى بىرەر كىتاب چىقارسىلا، دەرھال ئەسەر مۇھاكىمە يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر توپ مۇتەخەسسىس ،تەنقىدچىلەرنى ھە-ھۇ دېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. باشتىلا قاتناشقۇچىلارغا (قىزىل بولاق) ھەمدە چىرايلىق ئاتالغان (كىتاب ئوقۇش ھەققى) تارقىتىپ بېرىلىدۇ. مۇتەخەسسىس، تەنقىدچىلەرنىڭ گېلى ياغلانغاندىكىن، تەبئىيلا تىلى باغلىنىپ، ماختاش - مەدھىيەدىن باشقىنى ئېيتمايدۇ.كىتاب ئوقۇمايلا (كىتاب ئوقۇش ھەققى) گە ئېرىشىدۇ.»

**ۋىجدانىنى سېتىش: خېنەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەپتارتماستىن ساختا ئۇرۇق ساتقان**

«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى خېنەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ساختا ئۇرۇق ساتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

خېنەندە كوممىقوناقنىڭ ئەلالاشتۇرۇلغان يېڭى سورتى «جياڭسۇ قونىقى 1-نومۇر» سۈپىتىنىڭ ئەلالىقى بىلەن يەرلىك دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئەمما ئۇرۇقلۇق قوناق يېتىشمىگەچكە، خېنەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شال تەتقىقات ئورنى جياڭسۇنىڭ نەنجىڭ شىڭگۇاڭ كۆكتات تەتقىقات ئورنىدىن سېتىۋالغان «تەڭرى ئەركىسى مەززىلىك قوناق 1-نومۇر» نى «جياڭسۇ 1-نومۇر» نىڭ خالتىسىغا قاچىلاپ دېھقانلارغا ساتقان.

ئەلۋەتتە،ئۇرۇق ئوخشىمىغاندىكىن مەھسۇلاتمۇ ياخشى بولمىغان، نۇرغۇن دېھقانلاربۇنىڭدىن قاتتىق زىيان تارتقان بولسىمۇ، ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان. دېمەك ھۆكۈمەت ۋە دېھقانلار ئىشەنگەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىمۇ دېھقانلارغا ساختا ئۇرۇق ساتقان.

## غۇرۇرنى سېتىش

بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر داۋالاش بۇيۇمى تونۇشتۇرۇلغان مۇنداق ئېلاننى كۆرسەتتى: زاۋۇت ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئىسپاتلاپ كۆرستىش ئۈچۈن بىرقانچە پېشقەدەم - مۆتىۋەر بوۋاي-موماي چوڭلارنى تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي بۇ مەھسۇلاتنى ماختىشىپ: «بۇ مەھسۇلاتنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈمگە ئۆزلىرىمۇ «ئىشەنگەلمەي قالغانلىقى» نى ئېيتىشتى. ئاخىرىدا نام - شەرىپى نامەلۇم 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر جاناب تولىمۇ تەمكىن، كەسكىن قىياپەتتە: «مەن بىر ئالىي زىيالىيلىق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ مەھسۇلاتنىڭ راست ئىكەنلىكىگە كۈۋاھلىق بېرىمەن» دېدى.

يەنە بىر گېزىتتىكى بىر يېڭى ئولتۇراق بىناسى ئېلانىغا چىققان «ئالىي زىيالىيلار» ئاتاقلىرى نامەلۇم جانابلار بولماستىن،نام-شەرىپى،سۈرىتى ھەتتا ۋەزىپە،ئۇنۋانلىرىغا قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان پروفېسسور، دوتسېنت، تەتقىقاتچى...لار بولۇپ، كەسپلىرى تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئارختېكتورلۇققىچە چېتىلىدىكەن. بۇ «مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ مۇتەخەسسىس -ئالىملىرى» كۆپچىلىككە «ھەربىر كۇۋادرات مېتىرى ئاران 4000 - 6000 يۈەنلىك ئولتۇراق رايوننى ئوخشىمىغان تەرەپ، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنى بۇ ئولتۇراق رايون ھەققىدە بىر ئەتراپلىق ،تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىكەن».

قالتىس، كارامەت! زىيالىيلار ئېلانغا چىقسا،گەرچە چولپانلارنىڭكىدەك كۆرۈش نىسبىتى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار تەمكىن قىياپىتى، كەسكىن كۆز نۇرلىرى بىلەن ئادەمنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلالايدىكەن.

بۇيەردە سودىگەرلەرنىڭ زەكىي - دانالىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ نېمىسى بىلەن سودىگەرلەرگە «يېقىپ» قالغىنىغا قاراپ باقايلى: تەنتەربىيە،سەنئەت چولپانلىرى ئېلان ئىشلىسە، ئاۋۋال «مەن ئۆزۈمنىڭ سەنئەتچىلىك سالاھىيىتىم بىلەن...» ،«تەنتەربىيەچىلىك سالاھىيىتىم بىلەن...» دەپ ئۆزىنى پەش قىلىپ يۈرمەيدۇ. بۇلار چىرايى،بەدىنى،ماھارىتىگە تايىنىدۇ. ئەمما زىيالىيلارنىڭكىدە بولسا «ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلىق سالاھىيىتىم بىلەن...» دېگەندەك گەپلەرنى تولا ئاڭلايمىز.بۇ زىيالىيلارنىڭ تايىنىدىغىنى چىراي،بەدەن دېگەندەك خۇسۇسىي دەسمايە ئەمەس،بەلكى پۈتكۈل زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي ئىناۋەت - نوپۇزىدۇر.

---

يې مىڭ ئىمزالىق بۇ ماقالە «فىلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 1-سانىغا بېسىلغان. يۇقىرىقى ئىككى كەسەرنىڭ تەرجىمانى: **ئابدۇرېھىم دۆلەت**

# دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا يىراقتىن نەزەر

بۇلتۇر جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن بىر قاتار خۇشاللىنارلىق ئىشلارنىڭ ئىلھامى بىلەن بىر قىسىم ئالىي

مەكتەپلەر بەزى ھەيۋەتلىك شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ بىرسى: دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇدىغان ئالىي مەكتەپ بەرپا قىلايلى! دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، خۇشاللىق زىيادە ئىدى. ئالىي مەكتەپتىن دىم ئېلىشقا چىققان بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سوغۇققانلىق بىلەن بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بىرنەزەر سېلىپ بېقىپ، بۇنىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشەنچلىك ئاساس بارمۇ-يوق،دېگەننى ئويلاپ قالدىم. دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىي مەكتەپ دېگەن قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ نىشانى نىمە؟ بۇ مەسىلىدە مەن كې خەنلىن ئەپەندىنىڭ قارىشىنى ناھايىتى قوۋۋەتلەيمەن. كې ئەپەندىنىڭ ئاساسلانغىنى ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق ئون ئالىي مەكتەپنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئورتاق تونۇشى بولۇپ، بۇلارنى بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقساق يامان بولماس.

كې ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بىر ئالىي مەكتەپ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىي مەكتەپ بولالامدۇ-يوق، دېگەن مەسىلىدە ئاچقۇچ – باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى،ئىجتىمائىي مۇھىت،ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى،ئوقۇتۇش كەيپىياتى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ساپاسى قاتارلىقلاردا. بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ساپاسى ئاچقۇچنىڭمۇ ئاچقۇچى.

ئون نەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلدى.20-ئەسىرنىڭ 80-،90-يىللار ئارىلىقىدا قىسقا ۋاقىت مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتى. بۇخىل تۈزۈلمىدە پارتكوم سېكرېتارى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ئورتاق رەھبەرلىك قىلىدىغان، بەزىدە سېكرېتار بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ھوقۇق تالىشىپ ئەپ ئۆتمەيدىغان، بىر ئادەم قوش ۋەزىپە ئۆتەيدىغان، چوڭ ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمىدى. مەمۇرىي ئىشلارغا ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك قىلدى. ئالىي مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەت ئۈچۈن ئەخلاقىي، ئەقلىي،جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئالىي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدى.ئەمما ئۇنى قەتئىي سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەرنى دەرھاللا ئالىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قورالى قىلىپ قويىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ يۇكسەك دەرىجىدە سىياسىيلاشتى.

ئالىي مەكتەپ سىياسىيلاشقاندا، ئوقۇتقۇچى، تەتقىقاتچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئاڭلىشى ۋە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئۆزى خالىغانچە «دەستۇر – نوملارغا خىلابلىق قىلغۇچىلار»ئېھتىمال ئوخشاش بولمىغان ئەيىپلەشلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. سىياسىيلىشىشنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى شۇكى، ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئورگانلىرى ھەددى-ھېسابسىز كېلەڭسىز ۋە بيۇروكرات بولۇپ، غايەت زور بيۇروكرات تور سىستېمىسىنى قۇرۇۋالغان، زور بىرتۈركۈم مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ۋە سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى سەپلىۋالغان.

سېكرېتار بىلەن مەكتەپ مۇدىرى پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋە تەشكىلى لۇشيەنىنىڭ كونكرېت ئىجراچىلىرى ھەم كۆرمىش نىشانىنى يۇرگۈزگۈچى تەشكىلىي رەھبەرلەر. ئۇلارنىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتى سىياسىينى يۇرگۈزۈش،ئاندىن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا رەھبەرلىك قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم بىۋاستە ئەۋەتكەن ئالىي ئەمەلدارلار بولۇپ،ھەرگىزمۇ ھەقىقىي بىر مائارىپچى ياكى ئىلىم ئەھلى ئەمەس. گەرچە ھازىر نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ۋە سېكرېتارلىرى پروفېسسور ھەتتا ئاكادېمىك دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇلار ناۋادا ئەشۇ رولنى ھەقىقىي ئالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى پروفېسسور بولماستىن ،بەلكى بىر سىياسىي شەخس ئىكەنلىكى بىردەمدە ئاشكارا بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ ،يەنىلا پارتىيە،ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىتائەت قىلماي بولمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇستەقىل ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدىغان ھەرقانداق ھوقۇق ھەرگىزمۇ بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىيلىشىشى مۇقەررەرھالدا ئەمەلدارنى مەركەز قىلىدىغان تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئوخشاش قويۇق باشقۇرۇش كەيپىياتىغا تولغان بولىدۇ. ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن قورساق ئۆرۈشى قىلىدۇ، گۇرۇھ-مەزھەبلەرگە پارچىلىنىدۇ.ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى شەرەپ دەپ بىلىشى، ئەمەل-مەنسەپكە بېرىلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ھازىرقى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچىلارلا ئەمەل تالىشىپ قالماستىن، بەزى پېشقەدەم پروفېسسورلارغىمۇ ئەمەل خۇمارى يۇقۇپ قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا كىشىلەر قانداقمۇ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بەرسۇن. بۇ ھالدا ئالىي مەكتەپلەرنى قانداقمۇ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟

پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ كەتتى، ئالىي مەكتەپلەرمۇ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئايلىنىپ قالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى شىددەت بىلەن ئۆستۈرۈش، ھەدەپ تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش، تۈرلۈك دىپلوم ۋە ئوقۇش تارىخى ئىسپاتلىرىنى قالايمىقان تارقىتىش، يۇقىرى باھادا لېكسىيە سۆزلەش ھەققى ئېلىش قاتارلىقلار ئاسان پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندى. ھەتتا جۇڭگودىكى ئەڭ كاتتا ئالىي مەكتەپ بولغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ بۇخىل قىلمىشنىڭ ئاسارىتىدىن ساقىت بولالمىدى.

كې ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇدىغان ئالىي مەكتەپلەر مۇنداق روھ ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك: ئۇ ئىدراك بىلەن ئەخلاقنى تۈۋرۈك قىلىشى،ھەرگىزمۇ پۇل بىلەن ھوقۇقنى خوجايىن قىلماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتىغا بىزنىڭ ھېچقانداق بىر ئالىي مەكتىپىمىز يېقىنلاشقىنى يوق، چۈنكى بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزگە ھەقىقەتەنمۇ پۇل بىلەن ھوقۇق «ھاكىم» قىلىپ قويۇلغان.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇشى كېرەككى،ئىلىمدە چىرىكلىشىشكە،ئالجىشقا يول قويۇلماسلىق كېرەك. بۇنىمۇ

www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق بىر ئالىي مەكتەپ قىلىپ كېتەلىگىنى يوق،چۈنكى بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز يالغانچىلىق ۋە لاپ گەپ بىلەن تولغان.بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەلۇم بىر دوكتور يېتەكچىسىنىڭ كۆچۈرمىكەشلىك(خەقنىڭ ئەسەرىنى ئوغرىلىۋالغان)ۋەقەسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ قويۇق ئىجادچانلىققا ئىگە، دەۋر روھىغا باي ئەۋلادلارنىڭ بالىياتقۇسى،ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يېتىلدۈرۈدىغان بۆشۈك بولۇشى كېرەككى، تارىخىي بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇدىغان كۆۋرۈك ياكى «باشقىلار»نىڭ بىلىمنى پىششىقلاپ ئىشلەش مەيدانى بوپقالماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتا بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىن تېخىمۇ يىراق. چۈنكى ئوقۇشنى تەشكىللەشتىكى ئاساسىي مۇقامنى يۇقىرىدىن تۈۋلايدۇ. پەقەت مۇقامغا ئەگىشىشكە بولىدۇكى، كىمكى بۇ مۇقامنى ئىجادىي تۈۋلايمەن دەيدىكەن،شۇ ئاساسىي مۇقامدىن چەتنەپ كەتكەن دەپ قارىلىپ، سىياسىي خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بوپقالىدۇ.

تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ پاسسىپ ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ بۇ رولنى جارى قىلدۇرمىقى تەس. چۈنكى يۇقىرىدىن مەخسۇس ئاپپارات ۋە خادىملار ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ تۇرىدۇ، ئالىي مەكتەپلەر چوقۇم يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە يوليورۇقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بەشىنچى،ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى چوقۇم ئىلىم ئىگىسى — ئۇستاز بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ«ئىجتىمائىي ئالاقە مۇتەخەسسىسى» ،«ئىلىم پائالىيەتچىسى»بوپقالماسلىقى كېرەك. ئەمما بەزى ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا قادىر ئەمەس . چۈنكى «ئەمەلدارلىق»نى مەركەز قىلىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈدىغان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ھەققىي ئىلىم ئىگىسىدە نام-مەنپەئەت،ھوقۇق — ئەمەل، كۈچ-ھەيۋە بولمايدۇ. بۇنداق نەپكە پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مۇناسىۋەتشۇناسلارلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئالتىنچى، ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى «ئالىي مەكتەپ روھى»ئوبرازىنىڭ ۋەكىلى ۋە مۇنەۋۋەر مائارىپچى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ سىياسەتۋاز بولماسلىقى كېرەك. بىزنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدا بۇنى قىلماق تەس.

مېنىڭچە، بۇ سېلىشتۇرمىلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك.دېمەك، بىز ئۆزىمىزنى دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرساق ھەقىقەتەن ناھايىتى يىراقتا تۇرىمىز. پىقىرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بىز ئىشنى سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، كۆزقاراشنى يېڭىلاشتىن باشلىمىساق،ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىنى ھەرقانچە كېڭەيتىپ، كەڭ دائىرىدە ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى دەرسلىكلەرنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتكەن بىلەنمۇ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتەلىگۈدەك ئالىي مەكتەپ قۇرۇپ چىقالىشىمىز ھەقىقەتەن تەس. چۈنكى قۇرۇق تېرە تاراقلىتىش جۇڭگودا ئاققان بىلەن دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئالدىدا ئاقمايدۇ.

---

جاڭ جىنچياڭ قەلىمىدىكى بۇ ماقالە ئەسلى «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 12-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان، **ئابلىكىم ئوسمان** تەرجىمىسى

## يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى شوئار

ئىلگىرى مەن ھەركۈنى دېگۈدەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتەتتىم. ئۇ ۋاقىتلاردا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پەقەت بىر نەچچە ئېغىز ئاددىيلا ئۆيى بار بولۇپ،تاملىرىغا يېزىپ قويۇلغان«ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرەيلى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلايلى!» دېگەن شوئار خېلى يىللارغىچە ئۆزگەرتىلمىگەنىدى. شۇڭا، بۇ شوئار تاھازىرغىچە شۇنچە ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى يېڭىلىنىپ، قورۇق تام ئىچىگە ئېلىنىپ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا سۈپەت كىرىپ قالدى. ئەمما قورۇ تېمىغا يېزىلغان شوئارلار تولا ئۆزگەرتىلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە شوئار يېزىلدى:«باي بولاي دېسەڭ ئاز پەرزەنتلىك بولۇپ،كۆپرەك كۆچەت تىكىڭ!» ،«توخۇ -توشقان بېقىش ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ يولى!» ،«پارنىكتا كۆكتات تېرىپ ھەممەيلەن باي بولايلى!» ، «كىشى بېشىغا بىر تۇياقتىن كالا توغرا كەلسە، بېيىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەندەك.

ھەر قېتىم يېڭى بىر شوئارنىڭ يېزىلغىنىنى كۆرگىنىمىزدە، خۇددى دېھقانلار ھازىرلا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدىغاندەك خۇشھال بوپكېتىمىز. ئەمما بىر-ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنە بىر يېڭى شوئار چىققاندىلا،ئىشنىڭ يەنە قايتىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى،ئەھۋالنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ ناچارلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. چۈنكى بۇ شوئارلارنىڭ ئالمىشىش دەۋرىيلىكى شۇ يېزىدىكى ئاساسلىق رەھبەرنىڭ ئالمىشىپ كېتىشى بىلەن ماس قەدەمدە بولۇپ،كادىرلارمۇ دەسلەپىدە قول سالغان ئىشنى تاشلاپ قويۇپ يەنە بىر يېڭى خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. مانا شۇنداق قارىغۇلارچە ئىش بېجىرىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيانلار دېھقانلارنى ھالىدىن كەتكۈزمەكتە.

ھازىر مەن ھەر قېتىم يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە ،ھەمىشە ئىختىيارسىز ھالدا ئەڭ دەسلەپكى «ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرەيلى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلايلى!» دېگەن شوئارنى ئەسكە ئالىمەن. چۈنكى خېلى يىللار ئۆتۈپ، بۇ شوئار زامانغا دېگەندەك لايىق كەلمىسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا بۇ شوئارنىڭ ئەمەلىي ئىكەنلىكىگە،ھازىرقى رەھبەرلىكنىڭ ئالمىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بىرنەچچە يىلغا قالماي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان «مودا»شوئارلاردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن. مەن بەزىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت تېمىغا يېزىلغان شوئارلار رەھبەرلىكنىڭ ئالمىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمىسە، ئېھتىمال دېھقانلىرىمىز بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلىشى مۇمكىنمىكىن،دەپ ئويلاپ قالىمەن.

---

بوشياڭشاۋ قەلىمىدىكى بۇ ماقالە، ئەسلى«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 9-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان، **توختىھاجى يۈنۈس** تەرجىمىسى(M1)

# ئۇقۇغۇچىلاردا پارىخورلۇق

جۇرئەت دۆلەت



بۈگۈنكى كۈندە «چىرىكلىك» دېگەن بۇ ئىبارە جۇڭگو ئىچكى دۆلەت سىياسىيىسىدىكى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ جۇڭگو رەھبەرلىرىنى تەڭقىسلىقتا قويۇدىغان بىر دەستىكى.

چىرىكلىشىش ـ سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەمەلدارلارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە پاكلىقنى يوقىتىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاسىيلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگولۇقلار «چىرىكلىك»نى ئەمەلدارلارنىڭ «پاتېنتى» دەپ چۈشىنىدۇ. دېمىسىمۇ، ھازىر جۇڭگودا چىرىكلىك بولمىغان ساھە، سىڭىپ كىرمىگەن تۆشۈك يوق. جۇڭگو ھازىر خىيانەتچى،پارىخورلارغا تولۇپ كەتتى دېسەك، بەلكىم سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولار،لېكىن ناتوغرا ئىستىللار ۋابادەك يامراپ كەتتى دېسە سەل مۇۋاپىق بولار. تاغقا يېقىنلاشسا قويىنى، باغقا يېقىنلاشسامېۋىنى، سۇغا يېقىنلاشسا بېلىقنى كۆزلەپ ئىشلەش ھازىرقى خىزمەت ئۇسۇلى بوپقالدى. قەيەردە ھوقۇق بولۇدىكەن، شۇيەردە چىرىكلىك بار. ھازىر «پايدىسى بولمىسا ئىش بېجىرمەسلىك» ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت پرىنسىپىغا ئايلانغان.«ئارقا ئىشىك» ھادىسىسى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئومۇملاشتىكى، ھازىر ھېچكىم بۇنىڭدىن بىنورماللىق، غەلىتىلىك ھېس قىلمايدۇ،ئىچى قاينىمايدۇ. ھازىر ئاۋامۇ «يېسىمۇ يېسە، ئىش بېجىرسە» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈۋېتىدىغان، بۇنى ھېچقانچە يامان ئىش دەپ ھېسابلىمايدىغان،ھەتتا يەيدىغان ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىن بەك ئىش كېلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى تېخى«يا يېمەيدىغان، يائىش قىلمايدىغان»

لارغا قارىغاندا، بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. بۇيىلقى بىر ستاتىستىكىدا جۇڭگو پۇقرالىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈدىغان مەسىلىلەر قاتارىدا ئىلگىرىكى يىللاردا ئىزچىل بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن «چىرىكلىك» مەسىلىسى بىراقلا ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. دېمەك خەلق بۇمەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن زېرىككەن، كۆڭۈل بۆلسەكمۇ، بۆلمىسەكمۇ بەرىبىر كەن، دەپ ئويلاشقان. خەلقنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇمەسىلىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

جۇڭگو پۇقرالىرى ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئىشلىرىنى بېجىرىش ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان بىرئىش.بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىشنىڭ قىيىنلىقى ياكى مۇرەككەپلىكىدە بولماستىن، بەلكى شۇ ئىشنى بېجىرىدىغان يولنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە يولدىكى ھەربىر ئېچىققا مەسئۇل كىشلەرنىڭ ساپاسىدا.1992ـ يىلىدىكى (گەرچە 10يىل ئاۋۋال بولسىمۇ) جۇڭگوخەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلىپ بارغان 1ـ قېتىملىق خەلق راينى سىناشتا، سوۋغا ـ سالامسىز ئىش بېجىرگىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەر 78.2%نى ئىگىلىگەن.

جۇڭگولۇقلار نوپۇزغا ئادەت خاراكتېرلىك بويسۇنىدۇ. بەلكىم جۇڭگولۇقلار دۇنيادىكى ھوقۇق ئېڭى ئەڭ ئاجىز خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەرقانداق بىر ئادەم ئىش ئۈستىلى ھەتتا پوكەي ئالدىدا ئولتۇرسىمۇ شۇبىر نوپۇز ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق نوپۇزدىن گۇمانلىنىش،قارشىلىشىش ھەرگىز ئاۋامنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.ھەتتا ئۇلار مەن ئولتۇرغان بولسامۇ شۇنداق قىلاتتىم، دەپ قارايدۇ. جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەمەلدار بولۇش

ئۇچۇن ئىلىم ئىگىلەش - ئوقۇش ئەنئەنىسى ئاۋام ئېڭىدا ھوقۇقنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇقەددەس - ئۇلۇغ غايىگە ئايلاندۇرغان.بۇيەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، بۇخىل ئەمەلدار بولۇش غايىسى، ھەرگىزمۇ ھازىر خەلق سەركىسىز - باشسىز قالدى،ئۇلار قابىل يولباشچىلارغا موھتاج،مەن بۇ بۇرچنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالاي،دەپ ئويلاپ تىكلىگەن غايە بولماستىن، بەلكى ئەمەلدارلارنىڭ كۈنى ياخشى ئۆتىدۇ، پۇل-مالدىن غېمى يوق،دەپ قارىغانلىقتىن، ھوقۇقنى ياشاشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلگەنلىكتىن شەكىللەنگەن غايىدۇر.دېمەك،ھوقۇق ئۇچۇن ياشاش ،ھوقۇق ئۇچۇن ئوقۇش،جۇڭگودىكى چىرىكلىكنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئامىللاردۇر. جۇڭگودا ھوقۇق نېمە ئۇچۇن شۇنچە جەلپكار دېگەندە، جۇڭگودا ھوقۇقدارلارنىڭ تۇرمۇشى،ھال-كۈنى ئالاھىدە ياخشى، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەر بەھرىمەن بولالمايدىغان تەمىنات،مۇئامىلە،ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ، پۇل تاپاي دېسە پۇل تەييار، باللىرىمنى ئوقۇتاي دېسەمەكتەپ تەييار...بۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ ئەمەلدار بولغۇسى، ئۇلار بەھرىمەن بولغاندىن بەھرىمەن بولغۇسى كەلمىسۇن؟!

جۇڭگودا ئەمەلدار بولغانلار(بىر ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرغانلار)ئۆزلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئىمتىياز، نوپۇزغا ئىگە دەپ قارىغاچقا،جەمئىيەتتە ئاستا-ئاستا ئەمەلدارلار ۋە پۇقرادىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ شەكىللەنمەكتە. ئۆز جەمئىيىتىمىزنى ئالساق،ھازىر ئەمەلدار بىلەن ئەمەلدار(ياكى پۇلدار)قۇدا-باجا بولۇشىدۇ، شۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىدۇ،ئۇلپەتلىشىدۇ.بۇخىل مۇناسىۋەت ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇرەككەپ بىر تورنى پەيدا قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇخىل مۇناسىۋەت شان-شۆھرەت،مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا،بۇ، چىرىكلىشىشنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ. چۈنكى مەنپەئەت چىرىكلىشىشنىڭ قىرىندىشى. ھازىر باشلىققا سارغايماي تۇرۇپ ھېچ ئىش ئۆزيولىدا ھەل بولمايدۇ،قائىدىگە ئۇيغۇن ئىشلاردىمۇ شۇلارغا كۆچۈكلەنمەي ئامال يوق. خۇددى«سانىڭ چۆجنى يېيىشتىن مەقستى يېيىشتە ئەمەس، چۈكۈلدىتىشتا» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك، «سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى» تەگكەنچىلىك مەنسەپ تۇتقان ھەربىر ئادەم يېنىغا مەلۇم ھاجەت بىلەن كەلگەنلەرنى چۈكۈلداتماي قويمايدۇ (گەرچە بۇشۇئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسى بولسىمۇ) .ھازىر ئاۋاممۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىپ، شۇنداق بولۇشقا«تېگىشلىك» دەپ قارايدىغان بولدى. مەسىلەن، ئەگەر سىز مەلۇم ئىشخانىغا بىرەر ئىشنى بېجىرگىلى كىرگەن بولسىڭىز، ۋاقىت توشقىلى يېرىم سائەت قالغان بولسا،ئۇ: (گەرچە باشلىق بولمىسىمۇ) چۈشتىن كېيىن كېلىڭ.... ئەتە كېلىڭ، ۋاقىت توشتى، دېسە، سىز تېخى توشمىدى،يېرىم سائەت بار دېيەلەمسىز؟ نائىلاج ماقۇل دېمەي ئامال يوق. ئۇلاردا بىزگە چۈشتىن كېيىن كېلىڭ،ئەتە كېلىڭ دەيدىغان ھوقۇق بولغان بىلەن، بىزدە تېخى ۋاقىت توشمىدى،ئىشىمنى بېجىرىپ بېرىڭ، دەيدىغان ھوقۇق يوق.

ئاۋام ھازىر خوجايىن بىلەن چاكارنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە ئويلانمايدۇ، ھېچقانداق بىر جۇڭگو پۇقراسى باشلىقمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم،بۇھوقۇقنى ئۇنىڭغا بىز بەرگەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر، دەپ قاراشقا پېتىنالمايدۇ.جۇڭگودا ئەمەلدار ئەمەلدارنى نازارەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئاللىقاچان بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بۇئەمەلدارلار نازارەتتە تولىمۇ رەھىمدىل كېلىدۇ ياكى كۆزى تورلىشىپ قالىدۇ.

ئاممىنىڭ نازارىتىنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. چۈنكى ئاما ئاللىقاچان ئۆزى خالىمايدىغان ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشىغا كۆنۈپ كەتكەن. دېمەك تولىمۇ بىغەملىشىپ كەتكەن بۇئەمەلدارلار قاتلىمى چىرىكلىك ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلانغان.

مەن بۇيەردە مائارىپتىكى ،يەنە كېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىكى پارىخورلۇق ئۈستىدە توختىلىمەن.

ئوقۇغۇچىلارنى چىرىكلىشىۋاتىدۇ، دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەس. ئۇلار ئوقۇغۇچىلاردا چىرىكلەشكىدەك پۇرسەت-شارائىت نېمىش قىلسۇن؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما رېئاللىق رەھىمسىز.

بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇنىڭ بىر ئىنىسى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن، ئۇنى سىنىپ مۇدىرى سىنىپ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ قويۇپتۇ.بىركۈنى دوستۇم قارىسا،ئۇنىڭ سومكىسىدا 22دانە سىيا قەلەم تۇرغىدەك. قەيەردىن تاپتىڭ بۇنچە كۆپ قەلەمنى؟ دەپ سوراپتۇ دوستۇم. جاۋابى ئاجايىپ قىزىق، نېمە دەپتۇ،دېمەمسىز؟ ئۇ سىنىپ باشلىقى بولغاچقا،سىنىپتا ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇپ مۇئەللىمگە بېرىدىكەن، مۇئەللىم ئۇلارنى ئەيىبلەپ، كەچ قويۇپ بېرىدىكەن. بۇقەلەملەر ئۇنىڭغا ئىسمىنى ئۆچۈرگۈزۈۋېتىش ئۇچۇن بەرگەن پارىسى ئىكەن(گەرچە بۇباللار«پارا» دېگەن گەپلەرنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىۋالغان) .

مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە مۇنداق بىر ئىش بولغان: ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئۆزىدىن تۆۋەن يىللىقتىكى بىر ئۇيۇشما ھەيئىتىنى چاقىرىپ، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىنى ئەپقال، 800يۈەن خەجلىسەڭ بولىدۇ، مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇنچىلىك خەجلىگەن،ھازىر 2500يۈەن تېپىپ بولدۇم، باشقۇرۇلغۇچى بولغىچە باشقۇرغۇچى بولغان ياخشى، دېگەن. يەنە مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشنىڭ بىر قاتار قائىدە -تۈزۈملىرىنى بەلگىلىگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرى، كەچلىك مۇزاكىرە، تازىلىق(ياتاق،سىنىپ،مەيدان) ،ياتاق ئىنتىزامى، قىسقىسى،ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىدىكەن.نومۇر قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، 15كۈندە بىر قىلىنىدىغان خۇلاسىدە سىنىپلارنىڭ دەرىجىسى شۇ نومۇرغا ئاساسەن تىزىلىدىكەن. يىل ئاخىرىدىكى خىزمەت باھالىشىدا بۇنومۇر مۇھىم تۇتقا قىلىنغاچقا،سىنىپ مۇدىرىنىڭ يىللىق خىزمىتىمۇ مۇشۇ دەرىجىدە باھالىنىدىكەن. شۇڭا سىنىپ مۇدىرىمۇ«نومۇر»نى تۇتقا قىلىپ،ھەرخىل سەۋەبلەردىن نومۇر تارتقۇزغان ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرىنى بەلگىلىگەنىكەن.شۇڭا، سىنىپ مۇدىرلىرىمۇ ئۇيۇشمىغا سىنىپتىن ھەيئەت كۆرسىتىپ بەرگەندە، راستچىل، سەممىي، ئادىل باللارنى كۆرسىتىپ بەرمەي، ساختىپەز،خۇشامەتچى، ھىيلىگەر باللارنى ئېپى بار دەپ تونۇشتۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەك قىيىن بولمىسا كېرەك. ئۇيۇشمىنىڭ نومۇر تارتىدىغان دائىرىسى بەك كەڭ بولغاچقا(ياتاقتا رادىئو ئاڭلاش، شام يېقىش، شاھمات ئويناش، يۇيۇلغان كىيىملەرنى ياتاققا يېيىشقا قەدەر) ،ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەيئەتلەر ئۆزىنى بىر نوپۇز ئىگىسى ھېسابلايدىكەن. قەغەز-قەلەم شۇلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، باشقىلار بۇنامۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com

بوپقالدى دەپ چۈشەندۈرسىمۇ،سەن ماڭا گەپ ياندۇردۇڭ دەپلا نومۇر تارتىدىكەن. ئەگەر ھاراق، پىۋا ئىچكەنلەرنى بايقاپ قالسا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ چوڭ بېلىقنىڭ تورغا چۈشكەنلىكى بولىدىكەن. مەسىلەن، بىر قېتىم بىر ئوقۇغۇچى ھاراق ئىچىپ ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان. ئۆيۈشما رەئىسى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىدىغانلىقىنى، 50 نومۇر تارتىدىغانلىقىنى،ئائىلىسىدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەم ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلاي دېسەڭ كاللاڭنى ئىشلىتىپ پۇل بىلەن ئىشنى تۈگەت، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئوقۇغۇچى دەرھال باشقىلاردىن 50 يۈەن قەرز ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرگەن،بىراق رەئىس بۇنى ئاز كۆرۈپ يەنە كۆپەيتىپ ئەكىرىشنى ئېيتقان. نەتىجىدە بۇ ئوقۇغۇچى باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كىچىك ئۈنئالغۇدىن بىرنى يانچۇقىغا سېلىپ،قايتا رەئىسنىڭ ئالدىغا پۇل تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ كىرگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىككيلەننىڭ ئارىسىدىكى پۇلنىڭ ئاز-كۆپلىكى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار بىرمۇبىرئۈنئالغۇغا كۆچۈرۈۋېلىنغان. كېيىن بۇئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان رەئىس ئۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ يالۋۇرۇپ بۇئىشنى بېسىقتۇرغان(چۈنكى ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ بەلگىلىمە بويىچە ئۈچ ئايلىق ئوقۇش ياردەم پۇلى تۇتۇلۇپ قېلىنىدىكەن،ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ تەنقىد قىلىنىدىكەن... بىر ئايلىق ئوقۇش ياردەم پۇلى 65 يۈەن ئىكەن).

يەنە شۇ دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، مەلۇم بىر سىنىپ مۇدىرى ئۆز سىنىپىدىكى نومۇر تارتقۇزغان بىر ئوقۇغۇچىنى نومۇرنى نەدىن تاپساڭ تېپىپ كەل،دەپ سىنىپتىن چىقىرىۋەتكەن. ئوقۇغۇچى نومۇرنى ھەل قىلالماي، يىغلاپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، سىنىپقا كىرگۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. ئەمما سىنىپ مۇدىرلىرى يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرى بۇسىنىپ مۇدىرىنىڭ قوللانغان تەدبىرىنى ئىنتايىن ماختاپ، ھەممە سىنىپ مۇدىرىنىڭ شۇنداق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

بۇيەردە بۇنى يەنە شەرھلەپ،ئىزاھلاپ ئولتۇرمايمىز. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى شىلىشى يېڭىلىق ئەمەس، بىراق ئوقۇغۇچىلارنىڭچۇ؟!

بارغانسېرى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان مائارىپتا يەنە بۇ ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، بىزنى مائارىپ ھەققىدىلا ئەمەس، ئەڭ چىرىكلىكنىڭ مۇنبەت ئېتىزى بوپقالغان جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرخىل تۈزۈلمىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىينىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر يوسۇندا بەلگىلىك شەرت-شارائىتنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ. ئەگەر قوللايدىغان شەرت-شارائىت بولمىسا، بۇشەيئىينىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ، تەبئىيلا ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ. چىرىكلىككە نىسبەتەن شۇ جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى،قۇرۇلمىسى تاشقى شارائىت ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر شۇ تۈزۈم-قۇرۇلمىلاردىن پۇرسەت-يوچۇق تاپالىغانلىقى ئۈچۈنلا ئوڭايلا ئومۇملاشقان بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

چىرىكلىكنى نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلدارلارنىڭ كوممۇنىستىك ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ، نەپسىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىدىن دەپ قارايدۇ، يەنى چىرىكلىكنى ئىنسان تەبىئىيتىگە باغلايدۇ.

توغرا، ئىنسان تەبئىيىتى ئىنساننىڭ بىر ئۆمۈر پائالىيىتىگە رېژىسسورلۇق قىلىدۇ. ئىنساندا شەخسىيەتچىلىكنىڭ بولۇشى نورمال ئىش، بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلە شەخسىيەتچىلىكنىڭ دەرىجىسىدە، بۇيەردە ئوڭايلا نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ قالىدىغان ئىش شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇئىنسان تەبئىيىتىنىڭ قانداق شارائىتتا ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنالىغانلىقى. بېلىقنىڭ ياشاش شەرتى سۇ، سۇسىز بېلىق ياشىيالمايدۇ.دېمەك سۇ بېلىقنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا دېمىزكى، «چىرىكلىك»نىڭ ۋابادەك يامراپ كېتىشىدىكى سەۋەب، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ كوممۇنىستىك ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىشىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى جۇڭگودا چىرىكلىشىشكە پۇرسەت، شارائىت، تۇپراقنىڭ بولغانلىقىدا.

ئىككى-ئۈچ يىل ئاۋۋال بولسا كېرەك، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن «قەھرىمان ئۆلكۈنمەيدۇ» دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇلدى،ئېھتىمال ھەممەيلەن كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا گاۋتيەن ئىسىملىك بىر ساقچى باشلىقى باش رولدا چىقىدۇ. ئاساسلىق بىر كارخانىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلىنىدۇ. فىلىمدە خۇيۇگۇخۇاڭ ئىسىملىك بىر مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى چىقىدۇ.ئۇ ئەسلىدە چىرىكلەشكەن ئادەم ئەمەس، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى،بىراق ئۇنىڭ پۇلى يوق. ئۆز بالىسىنى ياخشىراق بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھەرقانداق بىر ئاتىنىڭ ئەقەللىي ئارزۇسى. بىر ئۆمۈر پارتىيە، خەلققە جان كۆيدۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە بىر بالىسىنى ئوقۇتالىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتالمىغاندا، ئۇ بىردىنلا چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇ قانداق قىلغاندا ئوقۇتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆلگىرىكى خىزمەت ھاياتىنى،ياراتقان تۆھپىسىنى ئېرىشكەنلىرىگە سېلىشتۇردى. ھەتتا ھاياتى بەدىلىگە قان تۆكۈپ جەڭ قىلىپ ئېرىشكەن ئورىدىنىلارمۇ كار قىلمىدى. ئۇ دەل مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك خىياللاردا تۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز «ئامەت» كەلدى.نەتىجىدە...

ئەگەر تارازىنىڭ ئىككى تەرىپى تەكشۈڭ بوپقالغاندا، قايسى تەرىپىگە بىر گرام نەرسە قويۇلسا، شۇ تەرەپ بېسىپ كېتىدۇ. شۇچاغدا خۇيۇگۇخۇاڭ دەل تەكشۈڭ تارازىغا ئوخشاپ قالغان. بۇھەرگىزمۇ«خۇئىدارە باشلىقى»نىڭلا ئەمەس، جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ مەسىلىسى. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، خۇيۇگۇخۇاڭ ئەسلى ياخشى ئادەم، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان، لېكىن ئۇ ئېرىشكەن تېگىشلىك دەپ قارىغان نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندە ئۆلگىرىكى تۆھپىلىرىگە «مىننەت»قىلدى.

جۇڭگودا چىرىكلىك يولىغا ماڭغان نۇرغۇن كوممۇنىستلار ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك قوراللىق دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن، يېڭىلمەس ئىرادە، تەۋرەنمەس ئېتىقادقا ئىگە قەھرىمانلار ئىدى،بىراق ھازىرئۇلار يۇمشاق زەربىلەرگە ياكى ماۋزېدۇڭنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا«شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى»غا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئادەم ئاۋۋال ئادەم، يەنى ئادىمىي تەبئىيتكە ئىگە، ئاندىن كەسپىي، سىنىپىي، سىياسىي قالپاقلارنى كىيگەن ئادەم. ئۇ قايسى خىلدىكى ئادەم بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئىنسان تەبئىيىتى ھۆكۈمران. يەنە كېلىپ،ئېتىقاد دېگەن يات ئىدىيىلەر بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئاندىن ساپ، قەتئىي بولىدۇ. جۇڭگودا ماركسىزمنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغاندا

www.uyghurkitap.com

كىشلەرنىڭ ماركسىزملىق ئېتىقادى كۈچلۈك ئىدى. كوممۇنىستلاردىمۇ ئاجايىپ روھ بار ئىدى. ئۇلار بۇرژۇئا ئىدىيىسى، كۆڭزىچىلىق، ئىدېئالىزم دېگەنلەرگە قارشى تۇرۇش، ئايىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈنمۇ ھەرۋاقىت تىرىشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ھەرۋاقىت جەڭگىۋار ھالەتنى ساقلايتتى. ئەمەلىيەتتە ماركسىزم ھۆكۈمران، ماركسىزمچىلار رەقىبسىز بولمىغاچقا، ئۇلار بوششىپ كەتكەن. بۇخۇددى دۈشمەنسىز ئەسكەرنى مۈگدەك باسقانغا ئوخشايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر ئېتىقادنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىمۇ چىڭ تۇراالايدىغانلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىيەلەيدىغانلار بەك ئاز، كۆپ سانلىق كىشلەر شارائىتنىڭ مەھسۇلى.

جۇڭگودا چىرىكلىككە قارشى كۈرەش بىركۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق، لېكىن تاھازىرغا قەدەر چىرىكلىكنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يامرىشىنى تۈپ يىلتىزىدىن توسيالمىدۇق، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

1987- يىلىدىن 1993-يىلىغىچە بولغان يەتتە يىل ئىچىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى تەرىپىدىن جازالانغان كوممۇنىستلار 1مىليون 600نەپەر بولغان، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 360مىڭدىن كۆپ، ئۆلكە، مىنىستىرلىك كادىرلاردىن جازالانغىنى 382، ۋالىي – نازىر دەرىجىلىكلەر 4874نەپەر، بۇ، كونا مەلۇماتلار (10يىل ئاۋۋالقى). لېكىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، 1993-يىلىدىن ھازىرغىچىسىنى ستاتىستىكىلاپ چىقسا، چوقۇم ئاۋۋالقى يەتتە يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

مانا ئەمدى جۇڭگودىكى چىرىكلىكنىڭ بىپايان سېپىگە ماتارىپمۇ، مۇھىمى ئوقۇغۇچىلارمۇ كىرىپ كەلمەكتە. بۇ، كېلەچەككە نىسبەتەن بىر قارا سايە. بۇلار كەلگۈسىدىكى ئەمەلدارلار – خەلقنىڭ رەھبەرلىرىدۇر. بۆشۈكىدىلا چىرىكلىشۋاتقان بۇلاردىن يەنە نېمىلەرنى كۈتۈش مۇمكىن؟!

چىرىكلىك مىكروپقا ئوخشايدۇ، ئۇ، ۋاقتىدا يوقىتىلمىسا، ئۇ ئادەمنى يوقىتىدۇ.

ماارىپ ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى دەل ئادەملەرنى ئۇلۇغلۇققا ئىگە قىلالىغانلىقىدا. ھەرقانداق نەرسىگە ساختىلىق ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئەمما تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر: 1. ئېتىقاد. ساپلىق ئۇنىڭ تەبىئىيتى.2. سالامەتلىك. بۇنى دېيىش ھاجەتسىز.3. ماارىپ. بۇنىڭدا ساختىلىققا يول قويۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغىنىغا يول قويۇشتۇر.

چىرىكلىك يوقىتىلىشى كېرەك، ئەڭ مۇھىمى چىرىكلىكنىڭ پارنىكى بوپقالغان تۈزۈلمە، مېخانىزملار ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك، بولمىسا، بىدە ئورۇغاندەك ئىش بولىدۇ، ئورۇيمىز ئۆسىدۇ، ئورۇيمىز يەنە ئۆسىدۇ...

## خاتىمە

مەلۇمكى، بەدىنى ئاجىز ئادەمنى ئاسانلا كېسەل چېقىۋالىدۇ، ھەدېسلا ھېلى ئۇيېرى، ھېلى بۇيېرى ئاغرىپ قالىدۇ. بۇ، شۇ بەدەندە كېسەلگە قارشى ئىممونىتېت كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىكى پارىخورلۇقمۇ ئىممۇنىتېتى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن جۇڭگو ھوقۇق قاتلىمىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىنكاسى. بۇبىر ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان زەھەرلىك

چۆپ. قارىماققا، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئەمما ئۇ بىر چوڭ مەسىلىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

1945-يىلى مەشھۇر دېموكراتىك زات خۇاڭ يەنپېي ئەپەندى ماۋزېدۇڭدىن: «تارىختىكى نۇرغۇن خانلىقلار گۈللىنىش – ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت دەۋرىيلىكتىن چىقىپ كېتەلمىگەن، كومپارتىيە بۇخىل دەۋرىيلىكتىن چىقىپ كېتەلەرمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ماۋزېدۇڭ قەتئىيلىك بىلەن: «بىز ئاللىقاچان بىر يېڭى يول تېپىۋالدۇق، ئۇ بولسىمۇ دېموكراتىيە. پەقەت خەلق ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلغاندىلا ھۆكۈمەت ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ. ھەممە ئادەم مەسئۇل بولغاندىلا بۇخىل ھالەتتىن قۇتۇلالايمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن ھەمدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا تيەنجىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ليۇچىڭشەن ۋە تيەنجىن ۋالىيسى جاڭ زىشەندىن ئىبارەت ئىككى نەپەر خىيانەتچىگە سوت ئېچىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بەزىلەر بۇنى: «ماۋزېدۇڭ ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭگونى 30يىل باشقۇرغان» دېيىشىدۇ. ئەمما چىرىكلىككە قارشى كۈرەش 30يىلدىن كېيىن ھەقىقىي باشلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: «جۇڭگو تارىخىدا گەرچە ئادالەتلىك پادىشاھ، پاك-دىيانەتلىك ئەمەلدارلار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن تارىختىكى ھۆكۈمرانلار چىرىكلىك مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان. ئەزگۈچىلەر سىنىپى ماھىيەتتە خەلققە قارشى. تارىختىكى خانلىقلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ ھەممىسى چىرىكلىكتىن ئايرىلالمىغان».

مانا بۈگۈن دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىردى. بۇئەمدى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن، ئىلگىرىكى مۇتلەق نوپۇزىنىڭ ئاجىزلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۇنيا بىلەن بىردەكلىشىۋاتقان بۇجۇڭگودا ئەمدى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى دۆلەتنىڭ ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىكلا بوپقالماستىن، ئەڭ مۇھىمى دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ لاياقەتلىك بىر ئەزاسى بولۇش – بولالماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

چىرىكلىكنى يوقىتىش ھەققىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئەھۋالى مۇتەخەسسىسلىرى بۇجەھەتتە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىن خۇ ئەنگاڭ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە ھازىرقى چىرىكلىك تۈزۈم خاراكتېرلىك چىرىكلىكتۇر... شۇڭا، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش چىرىكلىكنى يوقىتىشنىڭ تۈپ يولى.» ئەنگلىيە تارىخشۇناسى لورد ئاكتون 100يىل ئىلگىرىلا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھوقۇق چىرىكلىككە يېقىن، ھوقۇقنىڭ مۇتلەقلىشىشى چىرىكلىكنىڭ مۇقەررەرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ».

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگودا كىملەر چوڭ خاتالىق سادىر قىلالايدۇ؟ دەل كومپارتىيە، شۇڭلاشقا، كومپارتىيە ۋە كوممۇنىستلارمۇ نازارەت قىلىنىشى كېرەك»

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم تارىخ فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ئىلىمگە خىيانەت – ئەلگە قىيامەت

(تەقرىز)


ئابدۇرېھىم دۆلەت (دۆلەتزادە)

(ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك تەقرىزچىسى)


بىز ھازىر ھەممە نەرسە سېتىلىدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپتىمىز، ئەگەر بىز سېتىۋېلىشنى خالىساقلا ھەم پۇلىمىز بولسا. بەلكىم بۇ ھەممىگە ماددىي مەنپەئەت ھاكىم – قازى بولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يەنە بىر پاجىئەسى بولسا كېرەك. پۇلغا ھەممىنى سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ دېگەن سوئال بىردەك ھەممەيلەننىڭ: ياق! دېگەن جاۋابىغا ئېرىشكەن، ئەمما ئۇ بىزنىڭ نەسىر، نوتۇقلىرىمىزدىكى ئۇنىدەش جۈملىلەردىلا قېپقالدى، رېئاللىق بولسا يەنىلا پۇلنىڭ قۇدرىتىنى ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز جەمئىيەتتىن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار پۇلغا گۈزەللىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ دېيىشىدۇ، ئەمما پۇلغا گۈزەل قىزلارنى سېتىۋالىدۇ؛ مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ دېيىشىدۇ، ئەمما نىكاھنى سېتىۋالالايدۇ. ھەتتا ھازىر كىشىلەرنىڭ ۋىجدان، ئىمانىمۇ نوۋىتى كەلگەندە بىر دوملاپلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا سېتىلىدۇ. دېمەك بۇ ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بارلىق ماددىي-مەنىۋى ئېلېمېنتلاردىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان بىر دەۋر.

«جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە؟

– موھتاجلىق!» .شۇنداق بىر جۈملىنى باشلانغۇچتا ئوقۇۋېدىغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئوقۇغىنىم يادىمدا. ئادەمنىڭ ئىنتىلىشتىن قىلغان ئىشلىرى بىلەن، موھتاجلىقتىن قىلغان ئىشلىرى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىنتىلىش ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلسا، موھتاجلىق پاسسىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت قىلسا، موھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىنتىلىش موھتاجلىقنىڭ ئالىي ماقامىدىكى مۇقەددەسرەك ئىپادىسى، ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما موھتاجلىق مەجبۇرلۇقتۇر، بۇنىڭدا بويسۇنۇشلا بار، تاللاش يوق. مەن ئويلايمەنكى، ئىنسان پائالىيىتى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدىلا ئاندىن مۇكەممەللىككە يەتسە كېرەك. موھتاجلىق رېئاللىقنى، ئىنتىلىش غايىنى كۆزدە تۇتىدۇ. موھتاجلىقنى بايقىيالماي، ئىنتىلىپلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى نەتىجىسىز بولىدۇ، ئەمما ئىنتىلىشنى تەرك ئېتىپ موھتاجلىق ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇلۇغۋار بولمايدۇ، ھەتتا بەزىدە پەسكەشلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ھەممىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئادەمنىڭ نېمىگە ئىنتىلگەنلىكىدە، نېمىگە موھتاجلىقىدا. ئىنسان ئۈچۈن تاللاشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ سىناق.

مانا ھازىر بىز شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋېتىپتىمىزكى، بىز ساناقسىز موھتاجلىقلار بىلەن قورشالغان، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ئارمانلىرى نەلەردە ئۇنتۇلغان. مائاشقا موھتاج، ئوقۇش ئارمان؛ خوتۇنغا موھتاج، مۇھەببەت ئارمان...

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئارمىنىم دېيىسىز، ئەمما، نېمىشقا؟ دەپ سورىسا، دەۋرنىڭ تەلىپى دېيىسىز، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئارمان ئەمەس، ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دەۋر تەقەززا قىلمىغان، ئەمما ھەرقانداق دەۋردە بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ مېنىڭچە، ياق. بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز.

ئىنسانلار ھەرقانداق بىر دەۋردە ياشاش ئۈچۈن ئىلىمگە موھتاج بولغان، ئەمما بۈگۈنكىدەك بۇخىل موھتاجلىق تەخىرسىز بولمىغان. بىلىملىك بولغاننىڭ ئالامەتلىرى بولمىش دېپلوم، ئۇنۋان، كىنىشكىلەر بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىختىراسى، كىشىلەر ھازىر ئۆز سالاھىيەتلىرىنى شۇلاردىن

ئىزدىيدىغان بولدى. بۇخىل سوئىنى سالاھىيەتلەر قانچە خىلمۇ خىللاشقانسېرى ئەسلى ئىنسانلىق سالاھىيەت بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ ،ئادەملەر سەن كىم؟ دېگەن سوئالغىمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمەي، ئېسەنگىرەپ قالىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ بولۇشى خاتا ئەمەس، ئەمما ھەممىنى شۇنىڭدىن ئىزدەش، شۇنى ئۆزلىرىنىڭ ماركىسى قىلىۋېلىش خاتادۇر. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن ئىنسان دېگەن ماركىلا يېتەرلىك شەرەپ، ئادەم بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپنى قوغلاشقاندا،تاپتىن چىقىدۇ.

ساختىلىق ـ قارا يۈرەكلىك بىلەن موھتاجلىقنىڭ مەھسۇلى. ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار ساختىلىق ئىشلەتمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىم ـ مائارىپقا ئىشلىتىلگەن ساختىلىق ئادەملەرنى ئەبەدىي پۇشايماندا قالدۇرىدۇ، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز بۇنىڭ زىيىنىنى مەڭگۈ تارتىمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسى ياكى مائارىپ قانچىلىك پاكىز؟

بەلكىم بۇ ساھەدىكى پاكىزلىقنىڭ بەلگىلىك ئۆلچىمى بولمىسا كېرەك. رايونىمىزدا «سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخان يوغان بىر نان يوق» دېگەن تەمسىل ئاللىقاچان ئومۇمىيۈزلۈك ئەمۋالغا ئايلانغان. ھېچكىم خەنزۇ تىلىدا بەش يىل ئوقۇغان بىرەيلەننىڭ بىرەر پارچە ئىلتىماسنى خەنزۇچە تاملاشتۇرۇپ يازالمىغىنىدىن بەك ھەيران قېلىپ يۈرمەيدۇ (ھەيران قالماسلىق كۆنۈككەنلىكنىڭ ئالامىتى، تولا ھەيران قېلىش بىلمەسلىكنىڭ ئالامىتى، پەقەت ھەيران قالماسلىق غاپىللىقنىڭ ئالامىتى) .

ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن دىپلوم، ئۇنۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىلىم سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى نان يېيىش دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر دىپلومىڭىز يوغىنىسا،قولىڭىزدىكى زاغرا كاكچىغا، بېشىڭىزدىكى تەلپەك شىلەپىگە ئالمىشىدۇ. مانا بۇخىل زۆرۈرىيەت جەمئىيىتىمىزدە ئىنتايىن تېزلىكتە جەمئىيەت ئىلىم ساھەسىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھە، قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىلىم ساختىلىقى ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى.

يېقىندىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋان باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدىغۇ،دەپ ئويلىغانىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنۋان دەۋاگىرى ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ «جاپالىق» خىزمەت شارائىتىدا «ھارماي ـ تالماي» ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن «شانلىق» نەتىجىلىرىنى. ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايناتقۇدەك تۇرۇپ ئوقۇپ چىقىدىكەن(يازغان كەمچىلىك ـ يېتەرسىزلىكلىرى بىرەر ۋاراقمۇ چىقمايدۇ) ،ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قايتا تىلغا ئېلىشىپ،ئۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇ ئۇنۋانغا لايىقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدىكەنمىز. ناۋادا بېرىلگەن سان نامزاتلارغا يېتىشمىسە، ئويۇننىڭ قىزىقى شۇيەردە،ئۇيەردىكى تالاش ـ تارتىشلارنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، بىر ـ قويۇپ بەرگىلى بولسا، دەپ قالىمەن. مەن ئەسلىدە ئۇ تالاش ـ تارتىش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەمەس،بەلكى نامزاتلار ئارىسىدا بولىدۇ، ئادەم ئۆز ئۇتۇقلىرىنى ئاشكارا دېيىش، پەش قىلىشتىن يۈزى قىزىرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۇلار ماڭا مېنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى

كۆرسىتىپ قويدى. ھەتتا ئۇلار شۇ توپەيلى بىر ـ بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ، قاراشمايمۇ يۈرۈشىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا بۇ يىل نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.بۇ، «پېقىر بۇيەردە جاپا تارتىپ ئىشلىگىلى ئۈزۈن يىل بوپكەتتى، بۇلتۇر پالانى باھالانغاندا غىڭ قىلمىدىم، ھازىر مېنىڭ ستاژىممۇ ئۇنىڭ ئۈزۈن،قىلغان خىزمىتىممۇ ئاز ئەمەس،بۇ يىل ئەمدى مەن باھالانمىسام ئادىل بولماس. بۇيىل باھالىنىۋالالمىسام كېلەر يىلى يەنە بىر نەچچىسى چىقىدۇ، دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال باھالىنىۋالاي،تەشكىل بۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ قويسۇن» دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇلارچە بولغاندا ئۇنۋان خىزمەتنىڭ سۈپىتىگە ئەمەس، ستاژىغا كېلىدۇ،شۇنىڭ بىلەن تەشكىلمۇ «ئادىمىگەرچىلىك» قىلىدۇ.

ئۇنۋان ئۈچۈن باشقىلارغا ماقالە يازدۇرۇش،ئۆزنامىدا ئېلان قىلدۇرۇش دېگەنلەر ھازىر ھېچكىم ئېغىز ئالمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى.

1998 ـ يىلى ساۋاقداشلىرىم ئۈرۈمچىگە دېسسېرتاتسىيە ياقلىغىلى كەلگەندە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدىم. ئۇلار دېگەن گەپلەر مېنى بەك ھەيران قالدۇردى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى:«سىز خوتەندىن كەلدىڭىزمۇ؟ خوتەننىڭ ياڭيىقى داڭلىق ـ ھە» دېگەندەك ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلغانمىش، ھەتتا بەزىلىرى خېلى ئاشكارىلا مەقسەتنى ئايان قىلغانمىش. دېسسېرتاتسىيە ياقلاش تۈگىگەندىن كېيىن، دەرستە ياخشى، ماقالىنى ياخشى يازغان ئەمما «ئادىمىگەرچىلىك »نى لايىقىدا قىلالمىغانلارنىڭ «لاياقەتلىك» ،دەرستە پەقەت تايىنى يوق، دېسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى خەققە يازدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يېتەكچىلىرىنى «رازى» قىلغانلارنىڭ ماقالىلىرى «ئەلا» باھالاندى. مانا بۇ، رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كومېدىيىلىرى،بۇمۇ موھتاجلىقتىن كېلىپ چىققان پەسكەشلىكمۇ؟

ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ئاممۋى تېلېفونلىرى، دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىرى، ھەتتا ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ پەشتاقلىرى... ئىشقىلىپ،كۆزگە تاشلىنىدىغانلا ھەرقانداق بىر يەرگە قارىسىڭىز ھەرقانداق دىپلوم، كىنىشكە بېجىرىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.« 办证 »(«كىنىشكە بېجىرىمىز») دېگەن خەتنى ھەرقانداق يەردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، ئەنسىرىمەي، يانچۇق تېلېفونى، چاقىرغۇلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى يېزىپ قويىشىدۇ. بۇيەردىكى ئېغىر مەسىلە، بۇخىل ھادىسىنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە ئەركىن ئومۇملىشىپ كېتەلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا مەسئۇل ئورگانلارنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىدا.

«ئىسرائىلىيە چوڭلىرىغا خەت» دېگەن فىلىيەتوندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىپتۇ:«يۈز نەچچە نەپەر مائارىپ ئەربابى،ئالىي ساقچى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرساھە قاتلاملىرىدىكى سەرخىللار يالغان دىپلوم سېتىۋېلىش. دېلوسىغا چېتىلىپ قاپتۇ.بۇئىش پوتكۇل ئىسرائىلىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىپتۇ. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ساقچىلار دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدىكى تارماق مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەش نەپەر خادىمھەمدە ئىسرائىلىيە ئوقۇتقۇچىلار

جەمئىيەتنىڭ رەئىسىنى رەسمىي قولغا ئاپتۇ.قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىپ، يالغان دىپلوم سېتىۋالغان ئىسرائىلىيە ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا بىرنەچچەيلەننى سوراق قىپتۇ. ھەتتا شىمال ساقچىلار قوماندانىنىمۇ دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيە باش شتابىنىڭ ساقچىلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سوراق قىپتۇ. ساختا دىپلوم ياسىغان لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېرىدىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى توختىتىپتۇ ھەم بۇ مەكتەپلەر تارقاتقان ھەرقانداق دىپلومنى ئېتىراپ قىلماپتۇ» .ئەگەر بۇئىش جۇڭگودا يۈز بەرگەن بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ئىشقىلىپ، چوقۇم ئىسرائىلىيىدىكىدەك بولمايتتى. ھەتتا شۇ ماقالىدە دېيىلىشچە، (جۇڭگودىكى) مەلۇم بىر شەھەردە خىزمەت باھالىغۇچىلار شۇ شەھەردىكى %64 ئالىي مەكتەپ دىپلومىنىڭ يالغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما ھېچقانداق بىر تەرەپ قىلىنمىغان. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇچاڭچىڭ (ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان پارىخور ئەمەلدار) جۇڭگودىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن ماگىستىرلىق دىپلومى ھەل قىلغان (ئەگەر پارىخورلۇقى ئاشكارىلانمىغان بولسا، بۇنى ھېچكىم بىلمەستى) .

يەنە ئىسرائىلىيىدىكى ھېلىقى ۋەقە توغرىلىق ماتارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ: «سىلەر ئەۋلادلىرىمىزغا ئىنتايىن يامان بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭلار» دېگەن. يەنە بىر ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى: «دىپلوم ئالدامچىلىقى «ئىنتايىن رەزىل جىنايەت، خۇددى ئەسكەرنىڭ دۈشمەنگە مىلتىقىنى ساتقىنىدەك ئىپلاس قىلمىش» دېگەن.

ئاخىرىدا فېلىيەتون ئاپتورى لېي چاڭفېڭ كىنايە تەلەپپۇزىدا: «دىپلوم، كىنىشكە لازىم بولسا جۇڭگوغا كېلىڭلار، تام-ستولبىلاردىكى چاقىرغۇ نومۇرلىرىغا تېلېفون قىلساڭلارلا بىردەمدىلا ھەل بولىدۇ، ھەم ئەرزان،ھەم بىخەتەر» دېگەن.

يەنە تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارغىمۇ قۇلاق سېلىڭ: مەملىكەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش،مۇپەتتىش ئىشخانىسى 2001-يىلىدىكى ئىلمىي ساھەدىكى چىرىكلىكلەرنى ئېلان قىلغان. تاكى 2001-يىلى 31-دېكابىرغىچە بۇ ئىشخانا مۇشۇ خىلدىكى دېلودىن جەمئىي 76نى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 54پارچىسى باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆزنامىدا ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش، باشقىلاردىن كۆچۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئادىل بولماسلىق، مۇكاپات سوممىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىش... دېگەندەك مەسىلىلەرگە چېتىلىدىكەن.

ئىلىم ساھەسىدە ساختىپەزلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈۋېلىش دېگەندەك چىرىكلىكلەر ئادەتتىكى ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا چېتىلغانلار ئىچىدە پروفېسسور،ئاسپىرانتلارلا بولماستىن، ھەتتا ئاكادېمىكلار، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرىمۇ بار ئىكەن. پۇلغا چىدىسىڭىزلا ئىنتېرنېتتىن ئىزدىسىڭىز باكلاۋىرلىق ئىلمىي ماقالىسى 10كوي،ماگىستىرلىقنىڭ 20كوي، دوكتورلۇقنىڭ 30كوي ئىكەن(ئويلاپ كۆرۈڭ، نەچچە يىل چاچ ئاقارغىچە ئوقۇپ،كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ باھاسى شۇنچىلىك بولسا-ھە! ھازىر مەدىكارلارمۇ سائىتىگە 10كويغا رازى بولامدۇ، بىرگەپ!) بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بىر دوستۇم: بېيجىڭدا ماگىستىرلىق،دوكتورلۇق دىپلوملىرىنى تاپماق ئاسان،ئىشقىلىپ شۇئۇنىۋانىنىڭ كىنىشكىسىلا بولىدىكەن،ياسايدىغانلار بار. خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ،بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىدا ساتىدىغانلار بەك كۆپ. ئۇلار دىپلوم،نىكاھ گۇۋاھنامىسى،ئاجرىشىش خېتى،ھەتتا ئۆلۈم ئىسپاتنامىسى... قاتارلىق 160خىلدىن ئارتۇق كىنىشكە ياسىيالايدىكەن،دېگەنىدى. مەن تازا پۈتمىگەنىدىم. مانا ئەمدى چىنپۈتمەي بولمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىپلوم، كىنىشكە ئەمەس بەلكى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى سېتىۋاتىدۇ. ئۇلار چىقارغان باھالار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىغا چىقىرىلغان باھادۇر!

بولۇپمۇ بۇ خىل چىرىكلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر. ئوقۇغۇچىنى قەستەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلاردىن نەپ تەمە قىلىدىغان ئىشلار تولا، بۇنىڭغا ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ، ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ(بىرقىسىم) كۆنۈپ كەتتى، بۇئاللىقاچان ئاشكارا مەخپىيەتلىك بوپقالدى.

ئالىي مەكتەپ قانداق جاي؟ ئۇ قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەر بەلكىم بىزنىڭ شۇيەردە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگىمۇ تېخى تازا ئايدىڭ بولمىسا كېرەك. بىر ئالىي مەكتەپنىڭ بىر مىللەتنىڭ،بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى، ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولىدۇ.

بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە،ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئون ئۇنىۋېرسىتېت مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن: دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇنداق ئاساسلىق ئىككى ئۆلچىمى بولىدۇ،بىرى، رايون ئىقتىسادى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالغا سۈرگۈچ رول ئوينىيالىشى،يەنە بىرى، شۇرايون، دۆلەتنىڭ مەرىپەت، مەدەنىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلالىشى كېرەك. ئومۇمەن مۇنداق ئورتاق قاراش بار:دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. 1. خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى كېرەك. 2. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا بىرتۈركۈم دۇنياۋى پېشىۋالار بولۇشى كېرەك. 3. دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەنلىرى بولۇشى كېرەك. 4. ئىلمىي تەتقىقاتلىرى دۇنيا ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلالىشى ھەم دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى كېرەك. 5. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى، مەدەنىيەت، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى كېرەك (قارىغاندا، مەن ھازىرغا قەدەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان ئوخشايمەن) .خې خەنلىن «دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ قانداق بولىدۇ؟» دېگەن فېلىيەتونىدا مۇنداق دەيدۇ: « خارۋارد،ستانفورد،يالى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى،كالفورنىيە سانائەت ئىنىستىتۇتى، ماسساچۇستېس سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى،ئوكسفورد،كامبرىج، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەنلەر دەل دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلەردۇر،

www.uyghurkitap.com

بۇلار نۇرغۇن خەلقئارالىق شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرىدىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 37نەپەر،ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 27نەپەر،كىچىككىنە كالفورنىيە سانائەت ئىنستىتۇتىدىن 24نەپەر ئادەم چىققان. ئاكادېمىك،سىياسىيئون،بانكىر، كارخانىچىلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ.كالفورنىيە سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئاران 2000ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن (ئاڭلىسام، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 30000غا يېقىن ئوقۇغۇچى بارمىش).

خې خەنلىن يەنە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇنىۋېرسىتېت روھى،خىسلىتى بولۇش كېرەك، ئۇ، پۇل،ھوقۇقنى ئەمەس، ئەقىل - ۋىجداننى تۇۋرۇك قىلىشى كېرەك. ئۇ، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەرقانداق چىرىكلىك، پەسكەشلىكنى سىغدۇرالمايدۇ.ئۇ تارىخىي بىلىملەرنىڭ «كۆۋرۈكى» ياكى باشقىلارنىڭ بىلىملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئەمەس، بەلكى ئىجادىيلىقتا باي دىۋر روھنىڭ بالىياتقۇسى،ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيەت يارىتىدىغان بۆشۈك بولۇشى كېرەك. ئۇ پاسسىپ ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن يېتەكلەنمەستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىكى، ھەرگىزمۇ «ئىجتىمائىي ئالاقىچى»،«ئىلمىي پائالىيەتچى» ئەمەس، مۇدىرلىرى بولسا«ئۇنىۋېرسىتېت روھى» نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ئىلغار مائارىپشۇناسلاركى ھەرگىزمۇ «سىياسىيئون ئەمەس».

قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى،ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ئەرەب ماگناتىنىڭ ئۆز ئىسمىنى قويۇش بەدىلىگە بېرىدىغان غايەت زور ياردەم پۇلىنى رەت قىلغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بولسا، ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى رېگاننىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش تەلىپىنى رەت قىلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مۇقەددەسلەشكەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت روھى، خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان پرىنسىپى شەكىللىنىپ بولغان.

قارىغاندا، مائارىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلىم چىرىكلىكىنى دەپ بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەيلى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىكى پارىخورلۇق ياكى يالغان دىپلوم، كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىلىرى بولسۇن ۋەياكى ئوغرىلانغان ماقالە،ئەسەرلەر مەسىلىسى بولسۇن،بۇلار كىشىگە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ«كەڭ قورساق» ئىكەنلىكىنى، شۇنچىلىك ئالەمشۇمۇل رەزىللىكلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ رەزىللىكلەرگە قارىتا بىر ئۇنىۋملۇك نازارەت، باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ بولماسلىقى ياكى بولسىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى كىشىنى ئاجايىپ ئېچىندۇرىدۇ.

ۋېي جيەنمېي:«ئالىي مەكتەپلەردە نېمە كەم؟» دېگەن فېلىيەتوندا بۇ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئەڭ ئاددىي سەۋەب ئالىي مەكتەپلەردىكى بيۇروكراتلاشقان تۈزۈمدە.غەربتە مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پروفېسسور - مۇتەخەسسىسلەر باشقۇرىدۇ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز بولسا باشقارما ، ئىشخانىلارغا تولغان،ھېلىقى ئولتۇرسا ئۆيى، ماڭسا پىكاپى تەييار باشقارما باشلىقى، نازىرلارنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مائارىپ بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق كىشىلەردۇر. بيۇروكرات باشقۇرۇش مۇھىتى ئەلۋەتتە بيۇروكراتلاشقان كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ پارتىيىگە كىرەلەيدۇ، ئەلا باھالىنالايدۇ، يۇقىرى نومۇر ئالالايدۇ. ھەقىقىي ئىلىم ساھىبلىرى، ۋىجدان ئىگىلىرى بولغان پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر ھوقۇق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. بۇنداق( رىقابەت )مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوقۇغۇچىلار قانداقمۇ جەمئىيەتتە ئادالەت بارلىقىغا ئىشەنسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىرى شۇچاغلاردىلا ئادالەت،ھەقىقەتكە بولغان ئېتىقاد، چۈشەنچىلىرىدىن ۋاز كېچىپ بولىدۇ، چوڭ ئېقىمغا قوشۇلىدۇ».


ھازىرقى زاماندا ئالىي مەكتەپ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ مىكروسدۇر، بۇيەردىن چىققانلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى، كىشىلەرنىڭ ئىلغارلىرىدۇر.ئۇلار جەمئىيەتنى ساغلام بىر نىشانغا يېتەكلەشكە،ئاۋامنى ئاقارتىشقا، ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە، ئۇلار چۈشىنەلمىگەننى چۈشەندۈرۈشكە،بىلىشكە تېگىشلىك ئەمما بىلمەي قالغاننى بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك. ئۇلار خۇددى تۇزدەك پۈتكۈل جەمئىيەتكە تېتىشى كېرەك، جەمئىيەتنىكى قاتمال، ھۆكۈمران ئىدىيىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشى، خەلققە توغرىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.بولمىسا شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىدەك زاكونلارنىمۇ چۈشەنمەي يۈرىدۇ.

ئەپسۇس، بىز ھازىر ستودېنتلىرىمىزدىن بۇلارنى كۈتەلەمدۇق؟

ئۇيغۇرلار ھازىر بۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بوپقالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالىغانلىقىدىن خۇش. ئاتا-ئانىلار قىزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتىن«ساق» قايتىپ كەلگىنىدىن، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتمىگىنىدىن خۇش، ئوغۇللىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالمىغىنىدىن خۇش. دېمەك بۇلاردىن بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق بىرنەرسىنى كۈتكىلى بولمىغاچقا،بىز تەلەپ - ئۆلچەملىرىمىزنى شۇنچىلىك قىلىشقا مەجبۇر. بىز ھازىر ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەملەرنى ياخشى دەپ ئاتايمىز. مۇتلەق كۆپ سانلىق ستودېنتتىن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى،غايە، نىشان كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

كرىزىس ھەرخىل بولىدۇ، ئەمما بۇ كرىزىسلار شۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك،تەخىرسىزكى، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ مېڭىمىزدە، خەلقنىڭ،ۋەتەننىڭ مېڭىسىدە.

مېڭىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟!(M1)



# ئاخىرەتلىكىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ

ئادەمنىڭ پانىي دۇنيادىكى هاياتى پايانسىز ئالەمگە نىسبەتەن خۇددى يۇگرۇك قۇلۇنغا ئوخشاش تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن «نام - شەرىپى» شۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى بىلەن بىللە يوقىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز «نام» نى قەدىرلەيدۇ. كۆڭزى: «ياخشى ئادەم نام-نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ» دەپتىكەن.

لېكىن شەنى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان نام بار، لەنەتتىن مەڭگۈ خالىي بولالمايدىغانناممۇ بار. شان-شەۋكەتلىك نام شۇ ئادەمنىڭ هاياتىنى باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدە ساقلاپ قالىدۇ، يەنى ئاللا ئاتا قىلغان چەكلىك هاياتىنى چەكسىز ئۇزارتىدۇ.

ئادەم بەلگىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشكەندە - قولىغا هوقۇق كىرگەندە، خۇددى ئاينىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن يۇلتۇز ئولاشقاندەك، ئۇ هەتتا «هارامسۇيدۇك» بولسىمۇ، هاياتلىقىدا ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىدىكەن. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دەۋر سۈرگەن فېئودال خاندانلىق دەۋرلىرىدە تېخى ئون ئايلىق بولمىغان بوۋاق خان-پادىشاھ 29 غا يەتكەن؛ ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى تېخى 100 كۈنلۈك بولمايلا تەختكە چىقىرىلغان. ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرۇدىغان ئەنە شۇنداق بوۋاقلارمۇ بىر مەھەل نام چىقارغان!

هوقۇق - مەرتىۋىسى بولمىسىمۇ، يانچۇقى توم - پۇلى كۆپ بولسىلا شۇنىڭ بىلەن «نام» چىقارغانلارمۇ يوق ئەمەس. هىيلە - مىكىر بىلەن «يېپىش» كە ئۇستا بوپكەتكەن، بېشىغا بىر تالاي «مەنسەپ تاجىسى» نى كىيىۋالغان بەزى خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئاخىرى سېسىق نامى چىقمايمۇ قالمايدىكەن!

تارىخ رەھىمسىز ۋە ئادىل. بەتنام چىقارغانلىرى ئاخىرى رەسۋايى ئەزىم بولماي قالمايدىكەن. سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان چىن خۇي خاندانلىق ئىچىدىمۇ، پۇقرا ئالدىدىمۇ چەكسىز هوقۇقدار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خەلق ئۇنىڭ هەيكىلىنى چويۇندىن قۇيۇپ، يۇفېي قەبرىسى ئالدىدا تىز پۈكۈپ تۇرغان هالەتتە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان. تاكى هازىرمۇ مۇشۇ هالەتتە ئولتۇرماقتا. هەتتا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئىزا-ئەلەمدىن باش كۆتۈرەلمەي: «سۇڭ دەۋرىدىن كېيىن چىن خۇي دېگەن نامىڭ ئۆچتى، قەبرەڭ

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز

ئالدىدا كۆرۈپ نامىڭنى، باغرىم ئىزا-ئەلەمگە تولدى» دەپتىكەن. ھەتتا يەنە بىراۋلار: «ياپيېشىل چىمەن تاغلار ۋاپادار مۇجاھىدلارنى ئۆز قوينىغا ئالسا، بىۋاپا - مۇناپىق ۋەزىر چويۇن بىلەن قاتۇرۇلۇپتۇ» دەپ بېيىت توقۇغان. ۋاڭ جىڭۋېي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى دۆلەت -راھەتنى دەپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان؛ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان، يەنە بىرىنىڭ بىلەكلىرىگە كويزا سېلىنغان، يېرىم يالىڭاچ ھالدا تىزلاندۇرۇلغان ھەيكەللىرى ھازىرمۇ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جياۋجياڭ شەھىرىدىكى ئاۋات رەستىدە خەلقنىڭ مىشقىرىقلىرىغا مىلىنىپ تۇرماقتا. ھتلېر دېگەن ئىبلىس، چوڭ ۋەتەن خائىنى يۈەن شىكەي تۇغۇلغان مەھەللىلەرنىڭ ئادەملىرى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن كەينى-كەينىدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ، ھەتتا شۇ مەھەللىلەردە ئادەم زاتى قالماپتۇ. بۇنداق «ئۆلگەندىن كېيىنكى تارتقۇلۇق» لار ھەرگىز بىكار گەپ ئەمەس!

ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، قىلمىش-ئەتمىشلىرى يوللۇق بەزى كىشىلەر باشقىلار قايمۇقتۇرغان ئادەملەرنىڭ نەپرەتلىرىگە، بوھتانلىرىغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇنداق كىشىلەر بىر مەھەل تۆھمەتكە قالسىمۇ، لېكىن تارىخ ئاخىر ئۇلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ نامىنى ئۆزى بۇلغايدۇ، باشقىلار بۇلغىيالمايدۇ. كىمكى پاك ئادەمنى قېيىشىپ بۇلغايدىكەن، تارىخ ئۇنىڭغا نائەھلى - ناكەس دەپ نام ياندۇرماي قالمايدۇ.

«پانىي دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئادالەتتەك باقىي بولالمايدۇ» . ئىنسانىيلىق ياكى جامائەتنىڭ ھۆكۈمى ھوقۇق - ئابرويدىنمۇ، خۇسۇمەتلەردىنمۇ ۋە خەسسلىكلەردىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرىدۇ ۋە كۈچ-قۇدرەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلى-ھوشى جايىدا ئادەملەر ھەرقاچان، ھەر ئىشتا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن جامائەتنىڭ قانداق باھالارنى بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشماي قويمايدۇ. رىۋايەتچىلەر-نىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا (سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتا پادىشاھسى) جاۋكۇاڭيىن خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئويۇن-تاماشا، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغانىكەن. بىركۈنى باش ۋەزىر خان بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە ناغرا چېلىپتۇ. شۇنداق ناغرا چالىدىغان ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرىدىكەن. خان دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا تاشپالتىسىنى ئېلىپ باش ۋەزىرنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ۋەزىر ئاتا ئىش قىپتىمەن ، دەپ ئۆزرە ئېيتىمۇ بويىقتا تۇرسۇن، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چىشىنى قولىغا ئېلىپ قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ. خان تېخىمۇ بەكرەك ئاچچىقلاپ: «مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات قىلماقچىمۇ سەن؟» دەپتۇ. باش ۋەزىر بولسا: «خان ئالىيلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا نېمە ھەددىم بولسۇن. لېكىن بۇ ئىشلىرى تارىخچىلارنىڭ قەلىمى بىلەن پۈتۈلۈپ قالىدۇ» دەپتۇ. خان بۇگەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى بىر ئاز بېسىلىپ، ئۆزىنىڭ توغرا ئىش قىلمىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، شۇئان خاتالىقىنى تەن ئاپتۇ ۋە پۇل بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاپتۇ. خان تارىخچى مىرزىلارنىڭ تارىخنى خاتىرىلەپ يېزىشتا رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى، بۇۋەقە تارىخقا يېزىلىپ قالسا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە قالىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

دېمەك، كىم بولسا بولسۇن، ئورنى -مەۋقەسى ھەرقانچە يۇقىرى، ھوقۇقى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، تارىخنىڭ رەھىمسىز باھاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

«ھاياتلىقىڭدا ياخشىلىق قىل، ئاخىرەتتە يادلىنىدىغان بول. »


ئادەمنىڭ ئۆمرى بىردەملىك. بەزى ئادەملەر: راھەت-پاراغەتتە ياشىسىلا بولدى، كۆزۈم يۇمۇلۇپ، ئىككى پۇتۇم سۇنۇلۇپ ئۆلگەندىن كېيىن خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ، دەيدىكەن. مەن شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەنكى، ئەۋلادلىرىڭىزنى كۆزدە تۇتۇڭ، ئۇلار: «قەبرە ئالدىغا بارغىنىمدا ×× دېگەن فامىلىنى كۆرسەم، ئار-نومۇستىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەيمەن» دەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىسۇن. ئاخىرەتلىكىڭىز-نىمۇ ئويلاپ قويۇڭ!

---

لى شىڭلىيەن ئىمزالىق بۇ ماقالە «فىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 28-ماي سانىغا بېسىلغان. **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى(M1)

بۇ سان 2002 - يىل 20 - مايدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى، تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



تونۇلغان ئەدىب، تەتقىقاتچى، ئۇستاز ژۇرنالىست
هاجى ئەھمەد كۆلتېكىن ئەپەندىنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىنى
مۇبارەكلەيمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىل 4 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22　定价：5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن